# بىلىك كومپيۇتۇر بىلىمرىدىن ئۆرنەكلەر

ئېلكىتاپ ئىشلىگۈچى: ئابرال

بۇ ئېلكىتاپتىكى بارلىق مەزمۇنلار بىلىك كۇلۇبىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئېلكىتاپقا كىرگۈزۈلگەن بارلىق ماقالىلەرنىڭ ئاپتۇرلۇق هوقۇقى ۋە ياكى باشقا هوقۇقلىرى ئەسلى ئەسەر ئاپتۇرىغا تەۋە.ئەگەر سىز بۇلارنى سودا خارەكتىرىدە ئىشلەتمەكچى بولسىڭىز ئەسلى ئاپتۇرى بىلەن ياكى بىلىك كۇلۇبى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

# مۇندەرىجە

كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسى ھەققىدە ..... 4
1.مەشغۇلات سىستېمىسى دىگەن نىمە؟ ..... 4
2. مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ئاساسلىق فونكسىيىسى ..... 5
3.مەشغۇلات سىستېمىنىڭ تۈرلىرى. ..... 7
UyghurLinuxنى ئىشلىتىشتىن قىسقىچە تەسىرات ..... 8
Windowsھەققىدە رىۋايەت ..... 10
مۇقەددىمە ..... 10
1-باب ..... 12
Windows 1.x ..... 13
Windows 2.x ..... 16
Windows 3.x ..... 18
ئىككىنچى باب. ..... 28
Windows 95 ..... 28
Windows NT 4.0 ..... 32
Windows 98 ..... 34
Windows 2000 ..... 36
Windows Me ..... 40
3-باب. ھۆكۈمرانلىق دەۋر ..... 42
Windows XP ..... 42
Windows Server 2003 ..... 48
Windows Vista ..... 50
كەلگۈسىگە نەزەر..... 56
WinXP SP1گە IIS نى قوشۇش ..... 57
كومپيۇتېر ئىشلىتىشتىكى "بىخەتەر ھالەت ..... 59
ۋاقىت رايونىغا ئۇرۇمچى ۋاقتىنى قوشۇشنىڭ ئۇسۇلى ..... 60
ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ھۆججەتلەرنىڭ كېڭەيتمە ناملىرى ..... 60
تىزىملاش جەدۋىلىنى تەھرىرلەش دەرسلىكى ..... 64
تىزىملاش جەدۋىلىدىن بىر قانچە ساۋاتلار يوللىغۇچى:islamboyi ..... 67
windows xp 外观ھۆججىتى نەدەساقلىنىدۇ. ..... 70
كۆپ ئۇچرايدىغان ئىجرا قىلىش بۇيرۇقلىرى ..... 70

Windowsنىڭ ئىجرا قىلىش بۇيرۇقىدىكى سىرلار ........ 72

قاتتىق دېسكا رايونىنى ۋە ئويېتىك دېسكا قوزغاتقۇچنى يوشۇرۇش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ........ 73

سىستېمىنىڭ بارلىق ئاۋاز ھۆججەتلىرىنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئاۋاز ھۆججىتىگە ئايلاندۇرۇش ........ 74

كومپيۇتېر مەخپى نومۇر ئېچىش ئۇسۇللىرى ........ 75

قوزغىلىش مەخپى نومۇرى(开机密码) ........ 75

Windowsمەخپى نومۇرى ........ 76

CMOSنىڭ مەخپى شفرىنى يېشىش (ئېچىش)ئۇسۇللىرى ........ 77

27خىل ئۇسۇل ئارقىلىقC دېسكىنى تېجەش ........ 79

كومپيۇتېرنىڭ قوزغىلىشىنى تېزلىتىش ........ 83

XPنىڭ ئالدىن ھۆججەت ئوقۇۋېلىشىنى ئەلالاشتۇرۇش ........ 83

دىسكا ئۇۋاقلىرىنى رەتلەش ........ 84

ئىشلىمەيدىغان دېتاللارنى تەكشۈرۈشنى توختىتىش ........ 85

ئاپتوماتىك قوزغىلىدىغان ھۆججەتلەرنى رەتلەش ........ 86

ئېلان پروگراممىلىرىنى توسۇش ........ 87

IISتىكى خاتالىقنى ئوڭشاش ئۇسۇلى ........ 88

scsiقاتتىق دېسكىغا سىستېما قاچىلاش ........ 88

Windowsنىڭ قالدۇق ئەخلەتلىرىنى تازلاشنىڭ ئاددى پىرىنسىپى ........ 89

IPھەققىدە قىسقىچە چۈشۈنچە ........ 90

FTP مۇلازىمىتىر دىگەن نىمە ؟ ........ 93

تور سىمنى ئۇلاش تەرتىپى ........ 94

路由器نى تەڭشەشتىن ياردەم سورايمەن ........ 95

ئۆزىنىڭ تور نامى بىلەن Hotmail نى باغلاش ........ 96

تور بانكىسىنى ئىشلىتىش ........ 98

文件夹选项يوقاپ كەتسە نەدىن تاپىمىز؟ ........ 105

قاتتىق دېسكىنى چۈشۈنەمسىز؟ ........ 105

كومپيۇتېر OCRتېخنىكىسىنى چۈشىنەمسىز ؟ ........ 109

كومپيۇتېر مۇزىكىسىدىن سۇئال جاۋاپلار ........ 109

# كومپيۇتىر مەشغۇلات سىستېمىسى ھەققىدە

يوللىغۇچى: چۆل ئوغلى

ئىلاۋە: ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىز كومپيۇتېردا مەشغۇلات ئېلىپ بارغان ۋاقتىڭىزدا سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تورغان كومپيۇتېر بىلەن، كومپيۇتېرئالدىدا ئولتۇرغان سىزنىڭ ئارىڭىزدا قانداق ئوخشاشلىقلارنىڭ بارلىقى توغرىسدا ئويلىنىپ كۆرگەنمۇ؟ گەرچە ، كومپيۇتېر بىر فىزىكىلىق ئۈسكىنىلەردىن تۈزۈلگەن ماشىنا بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئاساسى خىزمەت ئىقتىدارىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئادەملەرگە بولغان تەدبىقلىنىشتىن ئايرىلالمايدۇ .مەسلەن ئېيتايلۇق،ھەرقانداق ئادەم تەن بىلەن روھنىڭ بىرلەشمىسىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. ھەر بىر تەن مۇكەممەل روھنىڭ بىرلەشمىسى ئارقىلىقلا ئاندىن ئۆز ۋۇجۇدلىقىنى نامايان قىلالايدۇ. روھتىن ئايرىلغان تەننىڭ ھىچقانداق ئەمگەك ئىقتىدارى يوق بولۇپ بىز ئۇنى ئۆلۈك دەپ ئاتايمىز. بۇ قانۇنىيەتنى كومپيۇتېرغا تەدبىقلىساق، تەن - كومپيۇتېرنىڭ قاتتىق دېتالى، روھ ئۇنىڭ يۇمشاق دېتال قىسمىدۇر. يۇمشاق دېتال قاچىلانمىغان كومپيۇتېرخۇددى ئۆلۈككە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇمشاق دېتاللار كومپيۇتېر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. مىنىڭ تۆۋەندە بايان قىلماقچى بولغىنىم كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسى ۋە ئەڭ مۇھىم بولغان يۇمشاق دېتال-كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى چۈشەنچىلەردىن ئىبارەت .

## 1.مەشغۇلات سىستېمىسى دىگەن نىمە؟

مەشغۇلات سىستېمىسى دىگىنىمىز كومپيۇتېرنىڭ بارلىق قاتتىق ئۈسكىنىلىرى( مەسىلەن ئىكران، ئانا تاختا، توك مەنبەسى، پىرىنتېر،سكەنىر.... قاتارلىقلار) ۋە يۇمشاق دېتاللىرى ( مەسىلەن ئەل كاتىپ، فوتوشوپ، ئېكسىل....قاتارلىقلار ) نى كونترول قىلىش ۋە باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئارتقۇزۇپ، كومپيۇتېر ئىشلەتكۈچىسى ئۈچۈن قولايلىق يارىتىدىغان، پىروگىراممىا ۋە سانلار قۇرۇلمىسىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت.

تېخىمۇ ئېنىقراق قىلغاندا ئۇنى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە نوقتىدىن چۈشىنىشكە بولىدۇ.

سىستېما چۈشەنچىسى بۇيىچە، مەركىزى بىر تەرەپ قىلغۇچ كومپيۇتېر قاتتىق دېتاللىرى ئىچىدىكى يادرو بۇلۇپ، كومپيۇتېرنىڭ يۈرىكى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. شۇنىڭغا ماس ھالدا، مەشغۇلات سىستېمىسى بولسا كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرى ئىچىدىكى يادرو، ئۇ چوڭ مىڭگە باراۋەر بولۇپ كومپيۇتېر سىستېمىسىدىكى كونترول مەركىزى؛ ئەڭ ئاساسى ، ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ مۇرەككەپ بولغان سىستېما يۇمشاق دېتالى.كومپيۇتېر ئىشلەتكۈچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەشغۇلات سىستېمىسى

ئىشلەتكۈچى ۋە كومپيۇتېر ئارىسىدىكى ئالاقىلىشىش سۇپىسى. ئەگەر مەشغۇلات سىستېمىسى بولمىسا ،ئىشلەتكۈچى مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق كومپيۇتېرنى پەقەتلا ئىشلىتەلمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭلاشقا كومپيۇتېرنى قولاي ، جانلىق ۋە بىخەتەر ئىشلىتىشكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن چوقۇم مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ياردىمى بولۇشى كېرەك. مەسىلەن بىز پرىنتېرداخەت بېسىپ چىقارماقچى بولغاندا، پەقەت ھۆججەتنى تەييارلاپ، مەشغۇلات سىستېمىسىغا "بېسىپ چىقىرىش" دىگەن بۇيرۇقنى بەرسەكلا،مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئارلىقتىكى نۇرغۇن مۇرەككەپ جەرياندىن خالى ھالدا، پرىنتېرنىڭ چىقىرىش ئېغىزىدىن نەتىجىگە ئېرىشىمىز. ئەمەلىيەتتە، ئۇ خەتنى بېسىپ چىقىرىش كومپيۇتېرنىڭ ئىچكى قىسمىدا خىلمۇ خىل مۇرەككەپ بىر جەريان ئارقىلىق ئۇرۇندىلىدۇ؛ ئادەتتە، ئىشلەتكۈچى بىلەن كومپيۇتېر ئارىسىدىكى ئالاقە شەكلى ئۈچ خىل بولىدۇ.

.(1)بۇيرۇق شەكلى

ئىشلەتكۈچى كۇنۇپكا تاختىسى ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك بۇيرۇقنى كىرگۈزۈپلا، كومپيۇتېرنىڭ ئىشلەتكۈچى ئۈچۈن تەمىنلىگەن مۇلازىمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. بىر نەچچە يىل بۇرۇن كۆپ ئىشلىتىلگەن DOS مەشغۇلات سىستېمىسى مۇشۇ خىل تىپقا تەۋە.

(2).كىچىك پىروگراممىلار بىرلىكىنى يۈتكەپ قوللىنىش شەكلى

بۇنىڭدا ئىشلەتكۈچى باشقا قوللىنىشچان يۇمشاق دېتال مۇھىتىدا تۇرۇپ، مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ئىشلەتكۈچىگە تەمىنلىگەن مۇلازىمەت پىروگراممىلار توپى بىرلىكىنى ئىشلىتىپ، سىستېما مۇلازىمىتىگە ئېرىشىدۇ.

(3).كۆزنەك شەكلى

ئىشلەتكۈچى مائۇسنى چېكىش، كۇنۇپكا بېسىش ۋە دىئالوگ رامكىسىغا جاۋاپ بېرىش قاتارلىق ئاددى ئۇسۇللار ئارقىلىق ئوخشاشلا كومپيۇتېردا مەشغۇلات ئېلىپ بارالايدۇ. مەسىلەن بىز ھازىر كۆپ ئىشلىتىدىغان WINDOWSمەشغۇلات سىستېمىسى .يۇمشاق دېتال چۈشەنچىسى بويىچە ئېيتقاندا، مەشغۇلات سىستېمىسى قاتتىق دېتاللار بىلەن بىۋاستە ئالاقىدە بولىدىغان، بىرىنچى قاتلام يۇمشاق دېتال بولۇپ، ئۇ نۇرغۇنلىغان ناھايىتى مۇرەككەپ پىروگراممىلار ۋە كۆپلىگەن سانلار قۇرۇلمىسىدىن تۈزۈلگەن.

## 2. مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ئاساسلىق فونكسىيىسى

(1).مەركىزى بىر تەرەپ قىلغۇچ (CPU)نى باشقۇرۇش.

CPUبولسا بىر پۈتۈن كومپيۇتېر سىستېمىسىدىكى ئەڭ يادرولۇق تەركىب .ئۇنىڭ ئىقتىدارىنىڭ ياخشى يامان بولىشى پۈتكۈل كومپيۇتېرنىڭ ئىقتىدارىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنە كېلىپ CPUنىڭ ئىشلەش سۈرئىتى باشقا بارلىق قاتتىق دېتاللارنىڭ ئىشلەش سۈرئىتىدىن كۆپ تېز بولۇپ، كومپيۇتېردىكى باشقا تەركىبلەرنىڭ نورمال خىزمىتى ئوخشاشلا CPU دىن ئايرىلالمايدۇ. مەسىلەن، بىز كومپيۇتېردا بىرلا ۋاقىتتا مۇزىكا قويۇش، خەت كىرگۈزۈش، پرىنتېردا خەت بېسىپ چىقىرىش قاتارلىق كۆپلىگەن مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بارالايمىز. چۈنكى مۇزىكىنىڭ قويۇلۇشى، بىزنىڭ خەت كىرگۈزۈش سۈرئىتىمىز، پرىنتېرنىڭ خەت بېسىپ چىقىرىش سۈرئىتى CPU نىڭ سۈرئىتىدىن

كۆپ ئاستا بولغاچقا، بىز كىرگۈزگەن خەت مەلۇم جۇغلانمىغا يەتكەندە، CPUخەتلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە بېسىپ چىقىرىش پىروگراممىسنى ئىجرا قىلىدۇ، ۋە ئۇنى تۇگەتكەندىن كىيىن دەرھال مۇزىكا قويۇش پىروگراممىسنى ئىجرا قىلىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن بىز تاپشۇرغان كۆپلىگەن ۋەزىپىلەرنى تەڭ ئۆرۈنداپ ماڭىدۇ. بىراق خەت بېسىش پىروگراممىسنى ئۇزاق ئىجرا قىلىپ كەتسە، مۇزىكىنىڭ قويۇلۇشىغا تەسىر يېتىپ، ئۈزۈك-ئۈزۈك ئاڭلىنىپ قالىدۇ. ئۇنداقتا كىم CPU نىڭ مۇۋاپىق ۋاقىتتا ۋەزىپە ئالماشتۇرۇپ، ھەر قايسى ۋەزىپىلەرنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ئىجرا قىلىنىشنى كونترول قىلىدۇ؟ ئەلۋەتتە ، بۇنى ئىشلەتكۈچى ئورۇندىمايدۇ، ھەم ئۇنىڭ ئورۇندىيالىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ دەل مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ CPU نى باشقۇرۇشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

(2).ئىچكى ساقلىغۇچنى باشقۇرۇش.

ئىچكى ساقلىغۇچ بولسا كومپيۇتېر سىستېما قۇرۇلمىسى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم تەركىبلەرنىڭ بىرى . CPUدا ئىجرا قىلىنىدىغان ھەر قانداق بىر پىروگراما، ۋە بۇ پىروگراممىغا كېرەكلىك بولغان سان سىغىرلارنىڭ كۆپ قىسمى چوقۇم ئىچكى ساقلىغۇچتا بولۇشى كېرەك .مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ئاساسى پىروگراممىلىرىمۇ ئىچكى ساقلىغۇچتا دائىملىق ساقلىنىدۇ.بىراق ئىچكى ساقلىغۇچنىڭ سىغىمى چەكلىك بولۇپ، بىز بىرلاۋاقىتتا كۆپ مەشغۇلات ئېلىپ بارغاندا، ھەممىسى ئۈچۈن يېتەرلىك بوشلۇق ئاجرىتىپ بىرەلمەيدۇ .ئۇنداقتا ئىچكى ساقلىغۇچنىڭ بۇ چەكلىمىسى تۇپەيلىدىن، بىرلا ۋاقىتتا كۆپ مەشغۇلات ئېلىپ بارماسلىق كېرەكمۇ؟ مەشغۇلات سىستېمىسى بۇ مەسلىنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ كىيىنكى ۋەزىپە ئىجرا قىلىنىش باسقۇچىدا ئىشلىتىش ھاجىتى بولمىغان پىروگراما ۋە سانلارنى دەرھال سىرتقى ساقلىغۇچقا يۆتكەيدۇ. ۋە كىيىنكى باسقۇچتا لازىملىق پىروگراما ۋە سىغىرلارنى ئىچكى ساقلىغۇچقا يۆتكەپ ئەكىرىپ، بىز كومپيۇتېرغا تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ۋە ئەڭ تىز سۈرئەت بىلەن ئىشقا ئېشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

(3).ئەسۋاپ باشقۇرۇش.

كومپيۇتېر سىستېمىسىغا تەۋە بولغان سىرتقى ئەسۋاپلارنىڭ تۈرى كۆپ .مەسىلەن، قاتتىق دىسكا، يۇمشاق دىسكا، نۇر دىسكا، ئېكران،پىرىنتېر، سكەنىر ۋە ئارقىمۇ-ئارقىلىق، ياندىش ئالاقە ئېغىزى....... قاتارلىقلار. بۇ ئەسۋاپلارنى كونترول قىلىش ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئەڭ ئاساسلىقى بۇلارنىڭ ئىشلەش سۈرئىتى CPU نىڭ سۈرئىتىگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئاستا. مەشغۇلات سىستېمىسى مۇناسىۋەتلىك قاتتىق دېتاللارنىڭ ياردىمىدە بۇ ئاستا سۈرئەتلىك سىرتقى ئەسۋاپلار بىلەن تىز سۈرئەتلىك CPU ئارىسىدا ماسلاشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. ۋە ھەرقايسى ئەسۋاپلارنىڭ بىر بىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان ئاساستا ئوخشاش ۋاقىتتا خىزمەت ئېلىپ بېرىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

(4).ھۆججەت باشقۇرۇش.

ھۆججەت بولسا كومپيۇتېردىكى ئۇچۇرلارنىڭ ئاساسلىق ساقلىنىش شەكلى. شۇنداقلا ئىشلەتكۈچىنىڭ كومپيۇتېردا ساقلىغان ئەڭ قىممەتلىك ماتېرىياللىرى. مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ھۆججەت باشقۇرۇشتىكى ئاساسى مەقستى مۇشۇ قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەرتىپلىك،تەشكىللىك ھالدا ئۇزاق مەزگىل كومپيۇتېر ئىچىدە ساقلاش، ھەمدە ئىشلەتكۈچى ۋە مۇناسىۋەتلىك پىروگراممىلارنىڭ

ھۆججەت قۇرۇش، ئېچىش، ئېتىش، ۋە ئۆچۈرۈش قاتارلىق مەشغۇلاتىغا ئەك قولاي بولغان ئالاقە يۈزى ئورنىتىپ بېرىش.

## 3.مەشغۇلات سىستېمىنىڭ تۈرلىرى.

.(1)بۆلۈنمە ۋاقىتلىق سىستېما

بۇ بىر ئاساسى ماشىنىنى كۆپ ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىدە لايىھلەنگەن سىستېما بۇلۇپ، ئۆزلۈكسىز ۋاقىتنى بىر قانچە بۆلەككە بۆلۈپ، ھەر بىر ۋاقىت بۆلىكىدە ئاساسى ماشىنا پەقەت بىرلا ئىشلەتكۈچى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. چۈنكى ئاساسى ماشىنىنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولغاچقا، ھەر بىر ئىشلەتكۈچى ئۇنى خۇددى ئۆزى يالغۇز ئىشلىتىۋاتقاندەك بىمالال ئىشلىتەلەيدۇ. بىر قەدەر داڭلىق بولغان بۆلۈنمە ۋاقىتلىق سىستېمىدىن 1963- يىلى ئامېرىكا ماسساچۇستىس تېخنىكا ئىنستىتوتى تەتقىق قىلىپ ياسىغان CTSS مەشغۇلات سىستېمىسى ۋە MULTICS مەشغۇلات سىستېمىسلىرى بار.

.(2)تېز ئىنكاسلىق مەشغۇلات سىستېمىسى

بۇ سىستېما ئىنتايىن قىسقا بولغان چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە ئۈچۈرلارنى تېز بىر تەرەپ قىلىش ۋە تېز ئىنكاس قايتۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئىنكاس ۋاقتىغا بولغان تەلەپكە ئاساسەن بۇ خىل مەشغۇلات سىستېمىسى يەنە قاتتىق تېز ئىنكاس سىستېمىسى ۋە يۇمشاق تېز ئىنكاس سىستېمىسى دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. قاتتىق تېز ئىنكاس سىستېمىسى ئاساسلىق سانائەت ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى كونترول قىلىش ئالەم تەتقىقاتىدىكى ئىز قوغلاش، ھەربى قوراللارنى يىراقتىن باشقۇرۇش ساھەلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى قاتتىق تېز ئىنكاس سىستېمىسىغا بولغان سۈرئەت ۋە ئىشەنچلىك دەرىجە تەلىپى ئىنتايىن يۇقىرى. يۇمشاق تېز ئىنكاس سىستېمىسىنىڭ ئىنكاس ۋاقتىغا قويۇلغان تەلەپ نىسبەتەن تۆۋەن بۇلۇپ، ئۇ ئاساسەن ماتىريال ئىزدەش، ئالدىن بېلەت ھاۋالەقىلىش، بانكا مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قاتارلىق سىستېما ۋە ساھەلەردە قوللىنىلىدۇ.

.(3)مىكرو كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسى

چوڭ كۆلەملىك ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك توپلاشتۇرۇلغان توك يول تېخنىكىسىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، شەخسلەر ئىشلىتىدىغان مىكرو تىپلىق كومپيۇتېرلار زور تەرەققىياتتا ئېرىشتى ۋەتەدرىجى ئۇمۇملۇشۇشقا قاراپ يۈزلەندى. CP/M سىستېمىسى ئەڭ دەسلەپتە مىكرو كومپيۇتېرلار ئۈچۈن ياسالغان مەشغۇلات سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ھۆججەت باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان. كېيىنكى يىللاردا MICROSOFT شىركىتى تەتقىق قىلىپ ياسىغان MS-DOS مەشغۇلات سىستېمىسى CP/M نىڭ ئورنىنى ئالغان.يېقىنقى يىللاردىن بىرى، مىكرو كومپيۇتېر كۆپ مېدىيەلىك يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققى قىلغان بولۇپ، كۆپ مېدىيەلىك مەشغۇلات سىستېمىسىدا يېزىق، رەسىم، سۈرەت، سىن، ئاۋاز قاتارلىق كۆپ خىل ئۇچۇرلارنى پىرىسلاش، ساقلاش، ئۆزۈتۈش، بىر تەرەپ قىلىش ۋە قويۇش ئىقتىدارلىرى ھازىرلانغان. بۇ خىل كۆپ مېدىيە تېخنىكىسىنى قوللايدىغان مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى ئېنىقكى

نسبەتەن مۇرەككەپ.ئەمما كومپيۇتىر ئىشلەتكۈچى ئۇچۇن ئېيتقاندا، تېخمۇ قولاي ۋە مەشغۇلات يۈزى تېخمۇ چىرايلىق بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى كومپيۇتىر قۇرۇلمىسى توغرىسىدا ھېچقانداق چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغان كىشلەرنىمۇ كومپيۇتىر ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. دېمەك بۇ خىل كۆپ مەدىيەلىك مەشغۇلات سىستېمىسى كومپيۇتىرنىڭ مىڭلىغان ئائىلەرگە كىرىشىگە ئاساس يارىتىپ بەردى. بىزگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان WINDOWS مەشغۇلات سىستېمىسى دەل يوقىردا بايان قىلىنغان سىستېما تىپىغا تەۋە بولۇپ، بۇ MICROSOFT شىركىتى تەتقىق قىلىپ ياسىغان بىر خىل يېڭى ئەۋلاد كۆرۈنمە يۈزلۈك مەشغۇلات سىستېمىسىدۇر.

# UyghurLinuxنى ئىشلەتنىشتىن قىسقىچە تەسىرات

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

2006-يىلى 6-يانۋاردا خوتەندە مىللىي تىل يېزىقتىكى يۇمشاق دېتاللاردىن دوكلاد بېرىش يىغىنى ئېچىلدى . شىنجاڭ ئۇنىۋىرسىتېتىدىن دوكتۇر خالمۇرات مۇئەللىم ياسىغان ئۇيغۇرچە OCR ھەممىيلەننى بەكمۇ ھاياجانلاندۇردى . پروفېسسور ھوشۇر ئىسلام ئەپەندى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان قىزىل بايراق (Red Flag Linux) Linuxمۇ بىزنى بەكمۇ جەلپ قىلدى . يىغىن ئاخىرىدا ئۇلار,windows 98, windows2000, windowsXp لەرگە ئۇيغۇرچە كىرگۈزگۈچ قوشىدىغان يۇمشاق دېتالنى ھەقسىز تارقاتتى . بۇ يۇمشاق دېتال بار ئوپتىك دىسكىدا يەنە ئۇيغۇر كومپيۇتېر ئىلمى جەمئىيىتى تارقاتقان فونتلار ۋە غەيرەت توختى كەنجى ئەپەندى ياسىغان ئۇيغۇر ئېدىت ناملىق تەھرىرلىگۈچمۇ بار ئىدى. ئەپسۇسكى بۇ دىسكا بىلەن قوشۇپ تارقىتىلغان چۈشەندۈرۈش كىتاپچىسىدا ئۇيغۇر ئېدىتنى قانداق ئىشلىتىش تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلۇپ ئاخىرىدا « ئاخىرىدا Gayratئەپەندىنىڭ مۇشۇنداق بىر ياخشى سىستېمىنى ئىشلىگىنىگە رەھمەت ئېيتىمىز » دەپ ئاخىرلاشتۇرغان ئىدى . مېنىڭ ئەپسۇسلانغان يېرىم Gayrat ئەپەندىنىڭ غەيرەت توختى كەنجى ئەپەندى ئىكەنلىكىنى ئۇلار بىلمەي قالغانمىدۇ ياكى ئەتەي Gayrat ئەپەندى دەپ يازغانمىدۇ ؟ ئۇلار تارقاتقان كىرگۈزگۈچنى سىناش جەريانىدا شىنجاڭ ئۇنىۋىرستېتى نامىدا تارقىتىلغان فونتلاردا باش «ە» ھەرپىدە مەسىلە بارلىقىنى ھىس قىلدىم . بۇ جەھەتتە كۆپ توختالغۇم يوق.

ئەمدى Red Flag Linux ھەققىدە ئېلىپ بارغان سىناقلىرىمنى ئوتتۇرغا قويۇپ باقاي.

يۇزۇمنى قىلىن قىلىپ ئۇلارغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ Red Flag Linux نىڭ بىر يۈرۈش ئوپتىك دىسكىسىنى ئېلىۋالدىم . قۇربان ھېيتنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى سىناشقا باشلىدىم . سىناق ئېلىپ بارغان كومپيۇتېرىمنىڭ سەپلىمىسى مۇنداق:

ئاساسىي تاختاintel 815 ept

CPUبولسا intel celeron 1.3Ghz

ئىچكى ساقلىغۇچ بولسا MB128
قاتتىق دىسكا 20گىگابايت
سىن كارتا(Vedio card) ATI Radeon9200se

(1)سىستىمىلار نورمال قاچىلىنىپ بولغاندىن كېيىن كۆرسەتمە بويىچە ئۇيغۇرچە كىرگۈزگۈچنى قاچىلاپ قايتىدىن قوزغۇتۇپ Red Flag Linux ئۆزى تەمىنلىگەن تېكىست تەھرىرلىگۈچ KEdit ئارقىلىق ئۇيغۇرچە كىرگۈزۈپ باقتىم ، ئاندىن ئۇيغۇر كومپيۇتېر ئىلمى جەمئىيىتى تارقاتقان فونتلارنىمۇ قاچىلاپ سىناپ بېقىۋىدىم شۇنداق نورمال ئىشلىدى . بىراق ، كىرگۈزگۈچنى ياسىغاندا قوش تىرناق « » ئۇنتۇلۇپ قالدىمىكىن پەقەتلا چىقىرالمىدىم.

(2)ئاندىن كېيىن Red Office نى قاچىلاپ ئۇيغۇرچە «خەلق »دەپ كىرگۈزسەم « خ ە لق» دەپ چىقىۋېلىپ « ە » ھەرپى ئۇلانمىدى . بۇ بەلكىم مېنىڭ تېخنىكامنىڭ تۆۋەنلىكى ياكى windows Xpدا Usp10.dll ھۆججىتىنى يېڭىلىمسا كۆرۈلىدىغان خاتالىقتەك بىر مەسىلە بولىشىمۇ مۇمكىن.

(3)ئاندىن كېيىن ئۈپتىك دىسكا ئىچىدىكى uygur office دېگەن مۇندەرىجە ئاستىدىكى open officeنى قاچىلاپ سىناپ باقتىم . پۈتكۈل مەشغۇلات تىزىملىكلىرى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلۇپتۇ بۇ بەكمۇ ئەھمىيەتلىك ئەمگەك بوپتۇ . ئۇيغۇرچە كىرگۈزگەندە Red Office دا كۆرۈلگەندەك ئەھۋال كۆرۈلۈش بىلەن بىرگە مەشغۇلات تىزىملىكىدىكى خەتلەردىمۇ ئاياغ«ئە» نىڭ ئۇلانمىغانلىقىنى ھىس قىلدىم.

بۇ خىل ئەھۋال بەلكىم serdar Linux دېگەن مۇندەرىجە ئاستىدىكى پۈتكۈل Linux نىڭ KDEسىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرىدىغان ھۆججەتلىرىنى قاچىلىسام تۈزۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن.

(3)سىناقنىڭ يەنە مۇھىم بىر تۈرى مەن قاچىلىغان ھەر ئىككىلى office نىڭ ئىچىدىكى - MS Excelغا ئوخشاپ كېتىدىغان Excel نىڭ ۋارىيانتىنى قوزغۇتۇپ 2006-يىلى 16- يانۋار دەپ كىرگۈزسەم سىزىقچە ئەڭ بېشىغا چىقىۋالدى.

(4)قوشۇمچە سىناق Red Flag Linux . ئۆزى تەمىنلىگەن رەسىم سىزىش قورالى ياكى قاچىلىغان ھەر ئىككىلى office نىڭ ئىچىدىكى رەسىم بىر تەرەپ قىلىش قورالى بولمىسۇن رەسىملەرگە ئۇيغۇرچە خەتلەرنى نورمال كىرگۈزۈش ئىمكانىيىتى بولمىدى.

ئاخىرقى خۇلاسە.

بىزنىڭ پروگراممىرلار قوشۇنۇمىزنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىيەلەيدىغان سەرخىل قوشۇن ، چىرايلىق قوشۇن ، جەڭگىۋار قوشۇن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز ھەم ئۇلارنىڭ ئەجرىگە بارىكاللا ئېيتىمىز . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇدا قېتىمقى يېغىندا تارقىتىلغان Red Flag Linux نىڭ ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان نۇسخىسى ۋە open office نىڭ ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان نۇسخىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇسخا بولۇپ قالماسلىقىنى ، ئەمدىلەتىن ئايىغى چىقىشقا باشلىغان بۇ نارىسىدىنىڭ تېخىمۇ تېمەن ، ساغلام چوڭ بولۇپ كۈچ قۇدرەتكە تولۇپ پىشىپ يېتىلىشىنى؛ بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئەگرى توقاي يوللارنى قايتا تەكرارلىماي ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇرچە يۇمشاق دېتاللارنى ئېچىشنىڭ پەخرى ۋە سەركىسى بولغان ئۇيغۇر سوفتىنىڭ چوڭ بىرلىكنى قوللىشىنى ، ئۆلچەملىك يۇنىكودىدا كىرگۈزۈلگەن تېكىستلەرنى ئۆلچەمسىز تېكىست يەنى ئەل كاتىپ ئۆلچىمىگە ئايلاندۇرىدىغان ئايلاندۇرغۇچلارنى ياساپ يۈرمەي چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئۇيغۇر سوفت چوڭ لۇغىتىنىڭ تىزرەك بىرلىككە كەلگەن يۇنىكود ئۆلچىمىدە بازارغا سېلىنىشىنى سەممىيلىك بىلەن ئارزۇ قىلىمىز.

# Windowsھەققىدە رىۋايەت

يوللىغۇچى: finalfantasy

50ياشلىق Bill Gates دۇنيادىكى ئەڭ باي ئادەم، 30 ياشلىق Microsoft دۇنيادىكى ئەڭ ئۇتۇقلۇق يۇمشاق دېتال شىركىتى، 20 ياشلىق Windows دۇنيادىكى ئىشلىتىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان مەشغۇلات سىستېمىسى .ئۇلارنىڭ ھېكايىسى، ئۇزۇندىن بېرى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان تېپىك تېما بولۇپ كەلمەكتە.

## مۇقەددىمە

ھېكايىمىزنى 1973-يىلدىن باشلايمىز...
(سىئاتىل) Seattleدىن كەلگەن 18 ياشلىق بالا Bill Gates ئۆزى ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن Harvard ئۇنۋېرستېتىگە ئەلا نەتىجە بىلەن كىردى. ماتېماتىكا ۋە كومپيۇتېرغا قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان Bill Gates شۇ يەردە يۇمشاق دېتال تېخنىكىسىغا بولغان ئىزدىنىشنى باشلايدۇ، "ئۇلۇغۋار يۇمشاق دېتال" پىزىپ چىقىش بۇ ياش يىگىتنىڭ نىشانى ۋە غايىسىگە ئايلىنىدۇ. شۇ جەرياندا، Bill Gatesدەسلەپكى سودا خاراكتېرلىك سىنىقنىمۇ باشلايدۇ. ئۇ شۇ ۋاقىتتىكى Altair 8800 كومپيۇتېرى ئۈچۈن بىرىنچى BASIC تىلى تەرجىمە پروگراممىسىنى لايىھەلەپ چىقىدۇ، بۇ بىر خىل ئىشلىتىلىشى ئاددىي بولغان كومپيۇتېر پروگراما تىلى بولۇپ، كېيىنكى MS-DOSمەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ئاساسى BASIC Microsoft بولىدۇ. كومپيۇتېر ساھەسىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىختىساسلىقلار ناھايىتى كۆپ بولغان Harvard تا Bill Gates نىڭ ئومۇمىي پەن نەتىجىسى پەقەت ئادەتتىكىدەكلا ھېسابلىنىدۇ. ئالىي مەكتەپنىڭ3-يىللىقىغا چىققاندا، Gatesكىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان قارارنى چىقىرىدۇ، ئۇ دۇنيا دەرىجىلىك ئۇنۋېرستېتتىن ئوقۇشتىن چېكىنىدۇ. BASIC تۇردىن تاپقان نەشر ھوقۇقى ھەققىدىن پايدىلىنىپ، Bill Gatesئۆزىنىڭ بالا ۋاقتىدىكى دوستى Paul Allen بىلەن بىرلىشىپ يېڭى مېكسىكا شتاتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شەھەر Albuquerque دا Micro-softشىركىتىنى قۇرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، Bill Gatesئۆزىنىڭ بارلىق زېھنىنى ئۆزى ئىشتىياق باغلىغان كەسىپكە بېغىشلايدۇ.




[ياشلىق دەۋرىدىكى] Bill Gates

[ئىزاھ: بۇ سۈرەت Bill Gates نىڭ قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ تۇتۇلغان چاغدىكى چۈشكەن رەسىمى]

1979-يىلى، Bill Gates شىركىتىنى Seattle غا كۆچۈرۈپ ئاپىرىدۇ، ھەمدە شىركەت ئىسمىنى "Micro-soft" دىن "Microsoft" قا ئۆزگەرتىدۇ. Microsoft قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىل دەل شەخسىي كومپيۇتېر تەتقىقاتى غەلىبە قازانغان ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالىدۇ، Bill Gates سەزگۈرلۈك بىلەن رەقەملىك دەۋرنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. شۇ چاغدا، ئۇلار شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ ئىلغار كومپيۇتېر كاتتىبېشى IBM نىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي كومپيۇتېرىغا ماس كېلىدىغان، Intel x86 تىپلىق CPU ئاساسىدىكى مەشغۇلات سىستېمىسىغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، Microsoft شىركىتى Tim Patterson شىركىتىدىن QDOS مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىۋېلىپ، نامىنى Microsoft DOS (دىسكا مەشغۇلات سىستېمىسى) غا ئۆزگەرتىدۇ. كېيىن قىسمەن ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئاخىرىدا IBM ئارقىلىق 1981-يىلى بازارغا سالىدۇ. Microsoft كېيىنكى يىللاردا يەنە نۇرغۇنلىغان MS-DOS مەشغۇلات سىستېمىلىرىنى بازارغا سالىدۇ، كېيىن MS-DOS نىڭ تارىخى 90-يىللاردىكى 6.x نەشرىگىچە داۋاملىشىدۇ. Microsoft نىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، MS-DOS نىڭ سېتىلىشى شۇ چاغدا ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، Microsoft نىڭ BASIC تىلى تەرجىمە پروگراممىسىنىڭ كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، سانى كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان شىركەتلەر BASIC تىلىدا پروگرامما يېزىپ، Microsoft نىڭ مەھسۇلاتلىرى بىلەن سىغىشىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، Microsoft نىڭ BASIC تىلى بارا-بارا ئاممىۋىي ئېتراپقا ئىگە بازار ئۆلچىمىگە ئايلىنىدۇ، Microsoft مۇ تەدرىجىي ھالدا پۈتكۈل بازارنى ئىگەللەيدۇ.



Microsoftنىڭ كاتتىباشلىرى

1981-يىلى تارقىتىلغان Microsoft DOS 1.0 نەشرى 4000 قۇر Assembly كودىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، 8 KBئىچكى ساقلىغۇچتا ئىجرا بولالايدۇ. ئۇنىڭ گرافىكلىق ئىشلەتكۈچى يۈزى (GUI)بولمىغانلىقتىن، مەشغۇلات قىلماق ناھايىتى تەس بولىدۇ. ئەمما شۇ چاغدىكى Apple شىركىتىنىڭ Macintosh مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ GUI ى بار بولۇپ، بۇ خىل بىۋاستە ھالدىكى مەشغۇلات ئۇسۇلى ئىنىقكى DOS نىڭ بۇيرۇق قۇرى ئۇسۇلىغا قارىغاندا تېخىمۇ دوستانە بولىدۇ. Microsoft GUI نىڭ كەلگۈسىدە ئومۇملاشقان مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ مۇقەررەر ئىقمى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئۆزىنىڭ GUI پروگراممىسى "Interface Manager" نى تۈزۈشنى باشلايدۇ. بۇ دەل كەلگۈسى 20 يىلدا شەخسىي كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان Windows نىڭ ئالدىدۇر.

## 1-باب

**1985-1994: دەسلەپكى قەدەملەر...**

ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان "Interface Manager" ھەقىقىي Windows ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، تاكى 1983-يىلىغا كەلگەندە، Microsoftرەسمىي ھالدا Windows نى لايىھەلەشنى

باشلايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدۇ، بازار نىشانى بولسا: شەخسىي كومپيۇتېر ئىشلەتكۈچىلىرى ئۈچۈن لايىھىلەنگەن گرافىكلىق يۈزلۈك مەشغۇلات سىستېمىسى.

## Windows 1.x

Microsoft Windows 1.0نىڭ لايىھىلەش خىزمىتى 55 پراگراممائاچقۇچىنىڭ بىر يىل ۋاقتىنى سەرپ قىلدۇ، ھەمدە 1985-يىل 11-ئاينىڭ 20-كۈنى رەسمىي ئېلان قىلىندۇ، باھاسى بولسا 100 ئامېرىكا دوللىرى. Windows 1.0 بولسا MS-DOS 2.0 ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، KB 256ئىچكى ساقلىغۇچنى قوللايدۇ، 256خىل رەڭنى كۆرستەلەيدۇ. GUI بار بولغانلىقتىن، Windows 1.0مائۇس مەشغۇلاتى ۋە كۆپ ۋەزىپە پاراللېل ئىجرا بولۇشنى قوللايدۇ، كۆزنەك (window)بولسا Windows تىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىشلەتكۈچى يۈزى ئېلېمېنتىغا ئايلىندۇ. Windows 1.0نىڭ كۆزنىكىنى خالىغانچە چوڭايتىپ-كىچىكلەتكىنى بولىدۇ، ئۇ Apple نىڭ Macintoshبىلەن پەقەت ئەڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى سىستېما تىزىملىكى بىلەنلا پەرقلىنىدىغان بولۇپ، ھەربىر Windows قوللىنىش پروگراممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئايرىم تىزىملىكى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، Windows 1.0 ھازىرغا قەدەر Windows تا ساقلىنىپ قالغان پروگراممىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ، مەسىلەن، Calendar, Notepad, Calculatorقاتارلىقلار

.




Windows 1.0مەھسۇلات بولىقى




Windows 1.0قوزغىلىش سۈرىتى

Windows 1.0يېڭى دەۋر ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن كۆزقارىشى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئىجرا بولۇش سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئەڭ ياخشى گرافىكلىق شەخسىي كومپيۇتېر سۈپىسى GEM بىلەن Desqview/Xئىدى.




Windows 1.0خىزمەت يۈزى

ئىزاھ: Windows 1.0 دىكى Program Manager بولسا Windows Explorer نىڭ ئالدى، ھازىرغا قەدەر بىز Windows XP نىڭ سىستېما مۇندەرىجىسىدە ئۇنىڭ سايىسىنى تاپالايمىز (progman.exe)

## Windows 2.x

Windows 1.0 نىڭ دەسلەپكى مەغلۇبىيىتى Microsoft نى قەدىمىنى توسۇپ قويمايدۇ، 1987-يىلى 12-ئاينىڭ 9-كۈنى، Windows 2.0 ئېلان قىلىندى، باھاسى يەنىلا 100 ئامېرىكا دوللىرى. Windows 2.0 دا Windows 1.0 دىكى بەزى ئىنسان خاراكتېرىگە ماس كەلمىگەن يەرلەر تۈزىتىلدى. بىز بىلىدىغان "Maximize" بىلەن "Minimize" كۇنۇپكىلىرى ھەممە كۆزنەكنىڭ يۇقىرى قىسمىدا كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. Microsoft ئايكوننىڭ لايىھىلىنىشىدە، Mac OS نىڭ ئۇسلۇبى ۋە ئېلېمېنتىنى كۆچۈرۈپ ئىشلەتكەن بولغاچقا، Apple شىركىتى تەرىپىدىن سوتقا تارتىلدى. ئىشلەتكۈچى يۈزى جەھەتتىكى تۈزىتىشلەردىن باشقا، ھازىرقى Office تىكى Microsoft Word بىلەن Microsoft Excel لەرمۇ دەسلەپكى قەدەمدە Windows 2.0 دە مەيدانغا چىقدۇ. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، Microsoft يەنە ئالدى-كەينى بولۇپ Windows/286 2.1 بىلەن Windows/386 2.1 لارنى ئېلان قىلدۇ، بۇ ئىككى نەشر ئايرىم-ئايرىم ھالدا Intel نىڭ 286 ۋە 386 تىپلىق CPU لىرىغا قارىتا مەلۇم دەرىجىدە ئەلالاشتۇرۇلغان. 1989-يىلى، Microsoft Windows 2.11 نى ئېلان قىلدۇ، بۇ نەشر ئىچكى ساقلىغۇچ باشقۇرۇش ۋە پرىنتېر قوزغىتىش جەھەتتە ئازراق تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدۇ.




Windows 2.0 قاچىلاش يۈزى




Windows 2.0قوزغىلىش سۈرىتى

شۇ چاغدا، Windowsنى قوللايدىغان 3-تەرەپ يۇمشاق دېتاللىرى ناھايىتى ئاز بولدۇ، لېكىن بارغانسىرى كۆپ ساندىكى شىركەتلەر Windows سۇپىسى ئۈچۈن قوللىنىش پروگراممىسى پيزىشقا باشلايدۇ. ئەمما ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ نۇقتئىنەزەرىدىن قارىغاندا، Windows 2.0يەنىلا غەلىبىلىك مەھسۇلات ھېسابلانمايدۇ.




Windows 2.0خىزمەت يۈزى




Windows XPدا Windows 2.0 دىكى پروگراممىلارنى ئىجرا قىلىش

ئىزاھ: چەتئەللىك توردائشلارنىڭ سىناق قىلىش نەتىجىسىدە، خېلى كۆپ Windows 2.0 دىكى پروگراممىلار Windows XP دە نورمال ئىجرا بولىدىكەن. ئەلۋەتتە، ئالدىنقى شەرت سىز بۇ قەدىمىي پروگراممىلارنى تاپالىسىڭىز بولىدۇ .

## Windows 3.x

3.xنەشرىدىن باشلاپ، Microsoftنىڭ Windows مەشغۇلات سىستېمىسى ھەقىقىي يوسۇندا ئىزنىگە چۈشكەن بولىدۇ، شۇنداقلا بۈگۈنكى كۈنلۈكتىكى Microsoft نىڭ غالىبىيىتى ئۈچۈن ئاساس سالىدۇ. 1990ـ يىل 5ـ ئاينىڭ 22ـ كۈنى، Windows 3.0رەسمىي ئېلان قىلىندۇ. ئالدىنقى ئىككى نەشرىنىڭ ناچار ئۈنۈمىنى شۇ چاغدىكى قاتتىق دېتال ئامىلىنىڭ چەكلىمىسىگە ئازدۇر-كۆپتۇر ئۆچۈرغان، دېيىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن، بۇنداق پۈتلىكاشاڭچىلىقلار ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90ـ يىللىرىدىلا كەلمەسكە كېتىپ، شەخسىي كومپيۇتېر كۈنسېرى كۈچىيىدۇ، ئۈنىڭغا ئەگىشىپ ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ كومپيۇتېردىكى Windows نىڭ ئىجرا بولۇشىمۇ سىلىقلىششقا باشلايدۇ. Microsoftمۇ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ Windows قا مەۋھۇم ئۇسكۈنە قوزغاتقۇچىغا بولغان

قوللاشنى قوشدۇ، بۇنىڭ بىلەن Windows ئالاھىدە ياخشى كېڭەيتىلىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، تاكى بۈگۈنگە قەدەر بۇ ئەۋزەللىكىنى ساقلاپ كېلىدۇ. مەۋھۇم تېخنىكىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى قاتتىق دېتالنىڭ سىغىشىشچانلىقىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە يۇمشاق دېتاللارنىڭ سىغىشىشچانلىقىنىمۇ ئاشۇردۇ. Windows 3.0 دىن باشلاپ، MS-DOSپروگراممىلىرى ئاخىرى ئايرىم كۆزنەكتە ئىجرا قىلىشقا بولىدىغان بولدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ نەشرىدىكى مەشغۇلات سىستېمىسىدا ئىچكى ساقلىغۇچ باشقۇرۇش بىلەن 286، 386 CPU لىرىغا بولغان قوللاش ئىقتىدارى ئىلگىرى سۈرۈلدۇ، ھەمدە كۆپلىگەن Windows ئۆلچەملىك دېتاللىرى قوشۇلدۇ. Windows 3.0 نىڭ غالىبىيىتىدىن پايدىلىنىپ، 1992-يىلى 3-ئاينىڭ 18-كۈنى Windows 3.1نى ئېلان قىلىدۇ. بۇ ناھايىتى ئىشەنچلىك نەشرى بولۇپ، ئاسان غۇلاپ چۈشمەيدۇ. كۆپ ۋاستە تېخنىكىسىنىڭ قوشۇلىشى نەتىجىسىدە بۇ نەشىردە ئۈن-سىن قويۇشقا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، Windows 3.1دا خالىغانچە چوڭايتىپ-كىچىكلىتىشكە بولىدىغان TrueTypeخەت شەكلى تېخنىكىسى قوشۇلۇپ، Windowsئەڭ مۇھىم ئۇستىلى يۈزى نەشرىيات سۈپىسىغا ئايلىنىدۇ. كېيىن، Microsoftئايرىم-ئايرىم ھالدا 1992-يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1993-يىلىنىڭ ئاخىرىدا Windows for Workgroups 3.1 بىلەن Windows for Workgroups 3.11نى ئېلان قىلىپ، بىر قاتار تور كېلىشىملىرىنى قوشىدۇ. 1992-يىلى Microsoftنىڭ جۇڭگوغا رەسمىي كىرىشكە ئەگىشىپ، Windowsتەدرىجىي ھالدا مەملىكىتىمىزدە كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىشكە باشلايدۇ. 1994-يىلى ئېلان قىلىنغان Windows 3.2 بولسا مەملىكىتىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان ئىشلەتكۈچىلەر بىرىنچى بولۇپ ئۇچراشقان Windows مەشغۇلات سىستېمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاددىي ئىشلىتىشچانلىقى جۇڭگودىكى كومپيۇتېر ئىشلەتكۈچىلىرىنى ئۈزىگە چوڭقۇر جەلىپ قىلىۋالىدۇ. Windows 3.2 بولسا Windows for Workgroupsئاساسىدا نۇرغۇنلىغان ئۈزلەشتۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان، ئەمەلىيەتتە، ئۇ Microsoftنىڭ مەخسۇس جۇڭگو ئۈچۈن لايىھىلىگەن مەھسۇلات بولۇپ، پەقەت خەنزۇتىلى نەشرىلا بار.




Windows 3.0قاچىلاش يۈزى




Windows 3.0قوزغىلىش سۈرىتى




Windows 3.0خزمەت يۈزى

تەكتلەشكە ئەرزىيدىغىنى، Windows 3.1دىن باشلاپ، Microsoftھەربىر Windows مەھسۇلاتى ئۈچۈن ئېچىش كودى بېكىتشقا باشلايدۇ. Windows 3.1نىڭ ئېچىش كودى “Janus” (قوش يۈزلۈك ئىلاھ)، Windows for Workgroups 3.1نىڭكى بولسا “Kato” (كارتون ئوبرازى)، Windows for Workgroups 3.11نىڭ بولسا “Snowball”.




Windows 3.1قاچىلاش يۈزى




Windows 3.1قوزغىلىش يۈزى




Windows 3.1خىزمەت يۈزى

1990-يىلى، Windows 3.0ئەمدىلا چىقىشى بىلەنلا بازار تېپىپ كېتىپ، 6 ھەپتە ئىچىدىلا 500 مىڭ نۇسخا سېتىلدى، بۇ ئەينى ۋاقىتتا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىش ھېسابلىنىدۇ. 1992-يىلىدىكى Windows 3.1 بولسا، دەسلەپكى تارقىتىلغان 2 ئاي ئىچىدىلا 1 مىليون نۇسخىدىن كۆپرەك سېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن، Windowsمەشغۇلات سىستېمىسى ئەڭ ئاخىردا ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشىپ، مەشغۇلات سىستېمىسى ساھەسىدىكى مونوپوللۇق ئورنىنى تىكلىدى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، Microsoftنىڭ تەتقىقات ۋە سېتىش ئىشى ئىجابىي رەۋىشكە قاراپ ماڭدى. 1992-يىلى، Bill Gatesدۇنيادىكى ئەڭ باي كىشىگە ئايلىنىپ، پۈتكۈل دۇنيانى زىل-زىلىگە سالدى.




Windows 3.2[خزمەت يۈزى]




Windows 3.2نىڭ “About” دىئالوگى

Windows NT 3.x

Windows NTنىڭ ئېچىش تارىخىنى تەخمىنەن 1988-يىلدىن تارتىپ ھېسابلاشقا بولىدۇ، بۇ سىستېما ئەسلىدە Microsoft بىلەن IBM بىرلىشىپ تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان NT OS/2 (OS/2 3.0)نەشرى ئىدى. شۇ چاغدا، Microsoftخىزمەتخىزمەت پونكىتى بازىرىغا بۆسۈپ كىرمەكچى بولىدۇ، بىراق Windows قوللايدىغان Intel x86 ئۆزىكى خىزمەت پونكىتىنىڭ CPUى ئەمەس ئىدى، شۇڭا Microsoft DEC شىركىتىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى ياللاپ مەخسۇس بۇ مەسىلانى ئاچىدۇ. كېيىن، Windows 3.0نىڭ غالىبىيىتى كۆزدە تۇتۇلۇپ، Microsoft قارار چىقىرىپ NT OS/2 نىڭ پروگراممىا ئېچىش يۈزىنى OS/2 API دىن Windows API غا ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ. بۇ قىلمىش IBM نىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئىككى شىركەت شۇنىڭ بىلەن ئۆزى بىلگەن سەنئەتكە دەسسەيدۇ. IBM ئۆزى داۋاملىق ئۆزىنىڭ OS/2 نى ئاچىدۇ، Microsoftبولسا OS/2 NT نىڭ نامىنى Windows NT غا ئۆزگەرتىپ، بازارغا سالىدۇ، بۇ بولسا.Windows NT 3.1




Windows 3.1قاچىلاش دىسكىسى




Windows 3.1خزمەت يۈزى

ئىزاھ NT: دېگەن بۇ نامنىڭ مەنىسىگە كەلسەك، بەزىلەر بۇنى New Technology (يېڭى تېخنىكا) نىڭ قىسقارتىپ يېزىلىشى دەپ قارايدۇ، يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر بۇنى Microsoft ئەتتىقات ئېلىپ بارغاندا ئىشلەتكەن Intel i860 CPU تەقلىدىي ماشىنىسىدىن كەلگەن، چۈنكى Intel i860 CPUنىڭ كودى (N10) "N-Ten" بولۇپ، شۇڭلاشقا مۇشۇ ئىسمنى ئىشلەتكەن دەپ قارايدۇ.

1993-يىلى Windows NT 3.1 ئېلان قىلىندۇ. سىرتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ Windows 3.1 بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق. ئەمما، پۈتۈنلەي باشقىدىن يېزىلغان 32 بىتلىق يادروسى ئۇنى شەك-سۇبھىسىزكى ئەلالار يېڭى مەھسۇلات قىلىپ چىقتى، Windows 3.xقا قارىغاندا زور دەرىجىدە كۈچلەندۈرىدۇ. ئۇ كەسپىي خزمەت پونكىتلىرىدىمۇ، Intel ئۆزىكى ئاساسىدىكى PC لاردىمۇ ئىجرا بولىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، Microsoftسودا ۋە ئائىلە بازارلىرىدا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك مەھسۇلاتلىرى ئىگە بولىدۇ. ئىككىنچى يىلى، ئېچىش كودى "Daytona" بولغان Windows NT 3.5ئېلان قىلىندۇ. بۇ قېتىم، Microsoft NT مەشغۇلات سىستېمىسىنى خزمەت پونكىتى نەشرى ۋە مۇلازىمىتىر نەشرى دەپ ئىككىگە بۆلىدۇ. بۇ ئارقىلىق كېيىنكى NT غەيرى سودا خاراكتېرلىكى نەشرلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە ئاساس سالدى. Windows NT 3.5 يېڭى

قوزغىلىش سۈرئىتى، Windows for Workgroups 3.xقا ئوخشاش ئىشلەتكۈچى يۈزى، ھەممە OLE(ئوبيېكت ئۇلاش ۋە قىستۇرۇش) تېخنىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نۇرغۇنلىغان يېڭى تېخنىكىلارنىڭ قوشۇلىشى نەتىجىسىدە، Windows NT 3.1بىلەن 3.5 نەشرى Microsoft نىڭ سودا ئىشلەتكۈچى بازىرىدىكى ئەڭ ياخشى سىنىقىغا ئايلىندى.

[Windows NT 3.5 Logo]




Windows 3.5خىزمەت يۈزى

# ئىككىنچى باب.

1995ـ2000 يۇقىرى پەللىگە چىقىش...

1995ـيىلى Microsoft نىڭ ئەڭ مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسىنىڭ بىرى ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر تەسىرى ھازىرغا قەدەر كىشىلەرنى ئەسلىتىدۇ. بۇ يىل توغرۇلۇق سۆزلەيدىغان ئىشلار ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ...

## Windows 95

Windows 2.xبولسۇن ياكى Windows 3.x بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى MS-DOS ئاساسىدىكى Windows مەشغۇلات سىستېمىسى Microsoft. ئۈستىدە يۈزدە NT غا ئوخشاش 32 بىتلىق مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىچكى كودى "Chicago" بولغان مەشغۇلات سىستېمىسى كۆندىلىك ئىش تەرتىپىگە كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ دەل كېيىنكى Windows 95دۇر.



Windows 95سىناق نۇسخا سۈرىتى

1995-يىل 8-ئاينىڭ 24-كۈنى، Windows 95 رەسمىي ئېلان قىلىندى. ئۇ تارىختا بىرىنچى بولۇپ يىل نامى بىلەن نام بېرىلگەن Windows بولۇپ، رەسمىي نەشر نومۇرى 4.0 . Windows 95 بولسا 16 bit/32bitئارىلاشما مەشغۇلات سىستېمىسى بولۇپ، MS-DOSدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ مۇستەقىل ئىجرا بولالايدۇ. Windows 95كە نۇرغۇنلىغان دېتاللار ۋە يېڭى ئۇقۇملار كىرگۈزىلىدۇ، مەسىلەن، باشلاش تىزىملىكى بىلەن ۋەزىپە ستونىغا ئوخشاش مۇنەۋۋەر ئۈستەل يۈزى ئوبيېكتلىرى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئالدىن ئىگىلەش ئۇسلۇبىدىكى كۆپ ۋەزىپە ۋە كۆپ يىپ ئۇچى تېخنىكىسى، Plug and Playتېخنىكىسى، مول كۆپ ۋاستىلىق پروگراممىلار قاتارلىقلار. بۇ ئىقتىدارلارنىڭ قوشۇلىشى بىلەن، Windows 95بىر مەيدان قاتتىق دېتال يېڭىلاش ھەركىتىگە تۈرتكە بولىدۇ. Windows 95نى ئىشلىتىش ئۈچۈن، سىزدە چوقۇم 100 MBچوڭلۇقتىكى قاتتىق دىسكا، 16 MBچوڭلۇقتىكى ئىچكى ساقلىغۇچ، 480*640 ئېنىقلىق بىلەن 256 رەڭنى قوللايدىغان كۆرسىتىش كارتىسى بولۇش كېرەك ئىدى، بۇ شۇ چاغدا خېلى يۇقىرى تەلەپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ، Windowsنىڭ ھەربىر قېتىملىق چوڭ يېڭىلىنىشىغا بىر قېتىملىق قاتتىق دېتال يېڭىلىنىشى ئەگىشىپ كېلىدۇ. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، Microsoft Windows 95 Service Release 1نى ئېلان قىلىدۇ، ئىككىنچى يىلى Windows 95 OEM Service Release 2 (Windows 95 OSR2) نى ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، Windowsمەشغۇلات سىستېمىسى FAT32 ھۆججەت سىستېمىسىنى رەسمىي قوللايدۇ، ھەمدە Internet Explorer نى باغلاپ تارقىتىشقا باشلايدۇ. Microsoftنىڭ مەشغۇلات سىستېمىسى ئىچىگە Internet Explorer نى باغلاپ تارقىتىشى تور بەت كۆرگۈچ ياساش شىركىتى Netscape نىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ، ئۇلار بۇ قىلمىشنى ئادالەتسىز دەپ قارايدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، Microsoftنىڭ مونوپوللىقىغا قارشى ھەرىكەتلەر تەدرىجىي ئەۋجىگە چىقىپ، تاكى ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىدۇ. Windows 95 OSR2 نىڭ مۇھىملىقى سەۋەبىدىن، بەزىلەر ئۇنى Windows 97 دەپمۇ ئاتايدۇ.




Windows 95قوزغىلىش سۈرىتى



Windows 95 ئۇستەل يۈزى

ھەر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، Windows 95 مۇقەررەر ھالدا غەلىبىلىك مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ، ھەتتاكى تارىختىكى ئەڭ غەلىبىلىك مەشغۇلات سىستېمىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ Windows 95 ئېلان قىلىنغان كۈن گويا بىر خاللىۋۇنغا (غەربنىڭ بايرام كۈنى) ئايلىنىدۇ، Microsoft ئالدى بىلەن Rolling Stones مۇزىكا ئەترىتىدىن Start Me Up ناملىق ناخشىنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئېلان مۇزىكىسى قىلىدۇ، ئارقىدىن Redmond دىكى 12 مولۇق تەنھەرىكەت مەيدانىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى چوڭ ئېلان قىلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق كۈچلۈك تەشۋىقات تەسىرىدە، نۇرغۇنلىغان كومپيۇتېرى بولمىغان، ھەتتاكى Windows 95 نىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان خېرىدارلارمۇ ئۆچرەتتە تۇرۇپ يۇمشاق دېتال سېتىۋالىدۇ. قىسقىغىنا 4 كۈن ئىچىدە Windows 95 نىڭ 1 مىليون نۇسخىدىن كۆپرەكى سېتىلىپ بولىدۇ.




Windows 95 ئېلان قىلىنىش مەيدانى

ئىزاھ Up Me Start ناملىق ناخشىنى ئاڭلاش :
http://www.cnbeta.com/xiaolu/win95/startmeup.mp3

## Windows NT 4.0

ئالدىدا Windows NT 3.x نى ئەسلەپ ئۆتكەندە، بىز ئەمەلىيەتتە بىر نەشرىنى تاشلاپ ئۆتۈپ كەتتۇق، ئۇ بولسىمۇ . Windows NT 3.51 بۇ نەشر 1996-يىلى 5-ئايدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەھمىيتى بولسا Windows 95 ئۈچۈن لايىھەلەنگەن قوللىنىش پروگراممىلىرىنى قوللاشنى باشلاشتىن ئىبارەت. Microsoft بۇ سىستېمىغا ھەتتاكى Windows 95 كە ئوخشاش Windows Explorerنى قوشىدۇ. ئىككىنچى يىلى، Windows 95كە تېخىمۇ يېقىن بولغان Windows NT 4.0دۇنياغا كېلىدۇ. بۇ نەشرىدىن باشلاپ، Microsoftنىڭ NT ئائىلىسىدىكى مەھسۇلاتلىرى پىشىپ يېتىلىشقا قاراپ ماڭىدۇ.




Windows NT 4.0قوزغىلىش سۈرىتى

1996-يىلى 6-ئاينىڭ 29-كۈنى، Windows NT 4.0رەسمىي ئېلان قىلىندى. بۇ نەشرىدە Windows 95ئۇسلۇب يۈزى كۆرۈنىشى ئىشلىتىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي قوللىنىشچان مۇلازىمەت قوراللىرى قوشۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كىيىن Microsoft ئۈچۈن Web مۇلازىمېتىرى بازىرى جېڭىگە

ئاتلىنىپ كۆپ كۈچ چىقارغان IIS ( Internet Information Services) مۇ بار. بىراق، ئۈستەل يۈزى قوللىنىشىدىكى ئاددىيلىقتا Windows NT 4.0 بىلەن Windows 95 نى بىر ئورۇنغا قويۇپ سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى، چۈنكى ئۇ DirectX يۈزىنىڭ يېڭى نەشرىنى قوللىمايتتى. بۇ خىل ئەھۋال تاكى كېيىنكى كۈنلەردىكى Windows NT 5.0 يەنى، Windows 2000 غا كەلگەندە ئاندىن بىر ئاز ياخشىلاندى. Microsoft نىڭ Windows NT غا بولغان تېخنىكىلىق قوللىشى بىر نەچچە يىل داۋاملاشتى، ئوتتۇرىدا جەمئىي بولۇپ 6 مۇلازىمەت بولىقى (Service Pack) نى ئېلان قىلىپ، يوچۇقلارنى ياماش بىلەن بىللە يەنە بىر تۈركۈم يېڭى ئىقتىدارلار بىلەن تەمىنلىدى. كۆرۈنەرلىك مۇقىملىقى سەۋەبىدىن، بۇ نەشرىنى نۇرغۇن شىركەتلەر 21-ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىشلىتىپ كېلىدۇ.



IE 2.0]بىلەن[Windows NT 4.0

## Windows 98

ئالدىدىكى مۇۋەپپەقىيەتكە تايىنىپ، 1998-يىلى 6-ئاينىڭ 25-كۈنى Microsoft Windows 95نىڭ ۋارىسى Windows 98 نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئىچكى كودى "Memphis" بولۇپ، ئۆلچەملىك نەشر نومۇرى 4.10.1998 بولدى. (IE 4.0) Internet Explorer مۇ Windows Explorerغا ئوخشاش سىرتقى يۈزگە ئىگە بولۇشقا باشلاپ، ئىككىسىنىڭ زىچ بىرىكتۈرۈلىشى كېيىن Microsoftنىڭ مەھسۇلاتلىرىدا Internet Explorer نى باغلاپ تارقىتىشىغا مۇھىم باھانە بولدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، Quick Launch Barمۇ مۇھىم سىرتقى يۈزى ئېلېمېنتى سۈپىتىدە قوشۇلدى. Windows 98نىڭ قاچىلاش پروگراممىسى Windows 95 نىڭ قاچىلاش پروگراممىسىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاسان بولدى، ئىچكى ساقلىغۇچ باشقۇرۇش پروگراممىسىنىڭ ئۈنۈمى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ۋەزىپە باشقۇرۇش پروگراممىسىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولدى. MMX ۋە AGP قاتارلىق يېڭى قاتتىق دېتاللارغا بولغان قوللاشتىمۇ، Windows 98دە ئاز بولمىغان تۈزۈتۈشلەر كىرگۈزۈلۈپ، 1200 دىن ئارتۇق قوزغاتقۇچى پروگراممىسى قوشۇلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، Windows 95كە قارىتا تۈزۈتۈش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، Microsoftئەسلى كودىدىن 3000 دىن ئارتۇق bug (پروگراممىا يېتەرسىزلىكى) لارنى تازىلاپ چىققان(Windows 98 SE (Second Edition (ئىككىنچى نەشرى) 1999- يىل 6-ئاينىڭ 10-كۈنى ئېلان قىلىندى. بۇ نەشردە ئالدىنقى نەشردىكى بىر قىسىم كىچىك مەسىلىلەرنى توغرىلىغاندىن باشقا يەنە بىر تۈركۈم يېڭىلاشلارنى ئېلىپ بېرىلدى، مەسىلەن، Internet Explorer 5 ، Windows NetMeeting 3، يەرلىك دائىرىدىكى توردا Internetتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش، DVD-ROMنى قوللاش ۋە USB نى قوللاش قاتارلىقلار. DirectX 6.1ئويۇن يۈزىنىڭ قوشۇلىشى، Windows سىستېمىسىنى ئەڭ ياخشى ئويۇن سۇپىسىغا ئايلاندۇردى .




Windows 98مەھسۇلات بولىقى




Windows 98قاچىلاش يۈزى




Windows 98ئۇستەل يۈزى

ئومۇمەن، Windows 98بىلەن Windows 98 SE نىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ. ھازىرغا قەدەر، بىز نۇرغۇنلىغان كونا PC لاردا ئۇلارنىڭ سىماسىنى كۆرەلەيمىز .

## Windows 2000

Windows 4.0ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، Microsoft NTمەھسۇلات لىنىيىسىنىڭ كېيىنكى نىشانى تەبىئىيلا Windows NT 5.0 بولىدۇ. لېكىن، بۇ قېتىم Microsoft يەنە بىر قېتىم يىل نامى بىلەن Windowsمەھسۇلاتلىرىغا نام بېرىدۇ. 1998-يىل 10-ئايدا، Windows NT 5.0 نىڭ نامى Windows 2000غا ئۆزگەرتىلىدۇ.




Windows NT 5.0كىرىش يۈزى

2000 Windowsبولسا 2000-يىلى 2-ئاينىڭ 17-كۈنى رەسمىي ئېلان قىلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان ئىشلەتكۈچىلەر توپى ئۈچۈن جەمئىي بولۇپ 4 خىل نۇسخىسىنى تارقىتىدۇ Professional : (كەسپىي نۇسخىسى ) Server (مۇلازىمېتىر نۇسخىسى ) Advanced Server (يۇقىرى دەرىجىلىك مۇلازىمېتىر نۇسخىسى) ۋە Datacenter Server (سانلىق مەلۇمات مەركىزى مۇلازىمېتىرى نۇسخىسى). بۇنىڭ ئىچىدە، Professional نۇسخىسى بۇرۇنقى Workstation نۇسخىسىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، NTئائىلىسىدىكى بىرىنچى ھەقىقىي يوسۇندىكى ئۈستەل يۈزى سىستېمىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇسخىسى كېيىنكى Windows XP نىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ئاساس سالىدۇ. ھالبۇكى كېيىنكى 3 خىل سودا خاراكتېرلىك مەھسۇلاتلار Microsoft نىڭ مۇلازىمېتىر بازىرىغا قارىتا جەڭ ئېلان قىلغانلىقىنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. Windows 2000 بولسا ئىنقىلاب

خاراكتېرلىك مەھسۇلات بولۇپ، نۇرغۇنلىغان يېڭى تېخنىكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىشلەتكۈچى قەۋەتى بىلەن يادرو قەۋىتىنىڭ ئايرىلىشى NT نىڭ سىستېما قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ ئورۇنلۇق، مۇقىم قىلىدۇ. NTFS ھۆججەت سىستېمىسى، ( EFSھۆججەت شىفىرلاش سىستېمىسى)، RAID-5 ساقلاش سىخېمىسى، تارقاقلاشتۇرۇلغان ھۆججەت سىستېمىسى، ئاكتىپ مۇندەرىجە قاتارلىق كۆپلىگەن يېڭى ئىقتىدارلارمۇ شۇ ۋاقىتتا دەسلەپ مەيدانغا كېلىدۇ. قاتتىق دېتاللارغا بولغان قوللاشتا، Windows 2000نىڭ ئىلگىرىلىشى خېلى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ Windows 2000 نىڭ كۆپ CPU نى قوللىشى ئۇنى كەسپىي مۇلازىمېتېر قىلىپ ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدۇرىدۇ. يېڭى Plug and Play تېخنىكىسى بىزنى USB ، IEEE1394قاتارلىق ئۈسكىنىلەرنى ئاسان ئۇسۇلدا ئىشلىتىش پۇرستى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقۇرۇش كونترول سۇپىسى (MMC) مۇ مۇھىم باشقۇرۇش قورالى سۈپىتىدە كىرگۈزىلىدۇ . Windows NT 4.0 قوللىمايدىغان يېڭى ئويۇن يۈزىمۇ Windows 2000غا كىرگۈزىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ . DirectX 7.0 بىراق، مۇنداق كۆپ يېڭى تېخنىكىلارنىڭ قوشۇلىشى، Windows 2000گە نۇرغۇن يوشۇرۇن سىستېما يوچۇقلىرىنى قوشۇپ بېرىدۇ، بۇلا كېيىنكى Worm.Blaster دەك قۇرتسىمان ۋىرۇسلارنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئورۇق سالىدۇ.




Windows 2000قوزغىلىش سۈرىتى



Windows 2000 ئۇستەل يۈزى

Windows 2000 قولغا كەلتۈرگەن ئىلگىرىلەش مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە زور بولدى. بەك داغا-دۇغىلىق بولۇپ ھېسابلانمىسمۇ، ئەمما ئۇ Windows 95 دىن كېيىنكى Microsoft نىڭ ئەڭ مۇھىم مەھسۇلاتى بولۇپ قالدى. Windows 2000 نىڭ مەيدانغا كېلىشى، Windows 9x مەھسۇلات ئائىلىسىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ . Microsoft كېيىن NTيادرولۇق مەھسۇلاتلىرى ئاساسىدا، باشتىن Windows بازار سىستېمىسىنى ئايرىيدۇ .

## Windows Me

Windows 98 SEبازارغا سېلىنغاندىن كېيىن، Microsoftئۇنىڭ ئۈچىنچى نەشرىنى ئېچىش خىزمىتىنى باشلايدۇ. كېيىن، بۇ سىستېمىنىڭ نامى رەسمىي يوسۇندا Windows Millennium Edition (مىڭ يىل نەشرى) گە ئۆزگەرتىلىپ، (قىسقارتىلىپ Windows Me دەپ ئاتىلىدۇ) 2000-يىلى 9-ئاينىڭ 14-كۈنى ئېلان قىلىندى. Windows Me نىڭ بازار نىشانى ئائىلە كۆڭۈل ئېچىشى بولۇپ، Windows 98كە نىسبەتەن ئېلىپ بېرىلغان يېڭىلىنىشلار ئانچە كۆپ ئەمەس، ئاساسلىقى ئادەتتىكى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان پۇرشاق دېتاللارنىلا يېڭىلايدۇ، مەسىلەن، Internet Explorer 5.5 ۋە Windows Media Player 7.0 . شۇنىڭ بىلەن بىرگە، Windows Meگە بىر قاتار يېڭى كىچىك ئويۇنلار، ئائىلە كىنولىرىنى ئىشلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان Movie Maker ۋە تېخى پىششىپ يېتىلمىگەن سىستېما ئەسلىگە قايتۇرۇش تېخنىكىسى قاتارلىقلار كىرگۈزۈلىدۇ. Windows Me ئەڭ ئاخىرقى 16 bit/32bitئارىلاش ئۇسلۇبىدىكى Windows 9x ئائىلىسى مەھسۇلاتى بولۇپ، بىز ئۇنىڭ نەشر نومۇرى 4.9 دىن Microsoft نىڭ بۇ خىل مۇددىئاسىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇ ۋەجىدىن، Microsoftبۇ مەشغۇلات سىستېمىسىغا بولغان تەشۋىقاتىدىمۇ ئانچە كۈچەپ كەتمەيدۇ. كۆپ ساندىكى كىشىلەر، ئۇنى Microsoft نىڭ Windows 3.0 دىن كېيىنكى ئەڭ مەغلۇبىيەتلىك تارقاتقان سىستېمىسى دەپ قارايدۇ .بىراق، Windows Meئۇلار دېگەندەك ھېچنېمىگە ئەرزىمەس نەرسىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ قوزغىلىش ۋە ئۆچۈرۈلۈش سۈرئىتى 32 بىتلىق Windows لار ئىچىدە ئەڭ تېز ھېسابلىنىدۇ .ئۇنىڭدىكى ئاما تەرىپىدىن تېخى پىششىپ يېتىلمىگەن، دەپ تەنقىدگە ئۇچرىغان يېڭى ئىقتىدارلار كېيىن يېڭى قىياپەت ۋە تېخىمۇ مۇقىم ئۇنۇمى بىلەن NT يادروسىدىكى شەخسىي كومپيۇتېر سىستېمىلىرىدا كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. Microsoft ئۆزىنىڭ مەھسۇلات لىنىيىسىگە قايتا بىر قېتىم زور دەرىجىدە تۈزۈتۈش ئېلىپ بارىدۇ.




[Windows Me] قوزغلش سۆرتى



Windows Meئۇستەل يۈزى

## 3-باب. ھۆكۈمرانلىق دەۋر

سودا (Windows NT) ۋە ئائىلە (Windows 9x) مەشغۇلات سىستېمىسىدىن ئىبارەت ئىككى ئۆرۈش سىپىدە بىر قاتار غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن Microsoft شەخسىي كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسىنى ئاللا بۇرۇن پىشىپ يېتىلگەن NT يادرو ئاساسىدا قۇرۇشنى ئويلىشىدۇ. ھالبۇكى بۇ قېتىملىق بۇرۇلۇش ھازىرغا قەدەر بازىرى ئەڭ ياخشى بولغان مەشغۇلات سىستېمىسىنى ئىلىپ كېلىدۇ.

### Windows XP

1999-يىلى، Windows 2000 تېخى ئېلان قىلىنمىغان چاغدىلا، Microsoft شىركىتى Windows 2000ئائىلە نۇسخىسى، يەنى كود نامى "Neptune" بولغان مەشغۇلات سىستېمىسىنى بازارغا سېلىش مەقسىتىدە بولىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ پىلان ئۇنىڭ Alpha نەشرىنى (شىركەت ئىچكى قىسمىدا سىناق قىلىدىغان نەشرى بولۇپ ئاممىۋى Beta سىناق نەشرىدىن ئاۋۋالقى نەشرى) چىقىرىشى بىلەنلا بەختكە قارشى چاچراپ كېتىپ كېيىنكى ئائىلە مەشغۇلات سىستېمىسى، يەنى Windows Me ، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا 9x Windows مەھسۇلات لىنىيىسىگە قويۇلىدۇ. بىراق،Microsoft شىركىتى Windows 2000نىڭ ئائىلە نۇسخىسىنى قۇرۇپ چىقىش مەقسىتىدىن ۋاز كەچمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە، "Neptune"نىڭ ئورنىنى كود نامى "Whistler" بولغان مەھسۇلات، يەنى كېيىنكى Windows XPئالىدۇ. شۇ چاغدىكى تارقىلىپ يۈرگەن سۆزەتلەرگە قارىغاندا، Neptuneنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشى Whistlerنىڭ Beta نۇسخىسى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.




[Windows Neptune]




[Windows Whistler Beta1]

ئىزاھ Windows XP نىڭ سىستېما مۇندەرىجىسىدىن rsmui.exe ھۆججىتىنى تېپىپ، ئۇنىڭ خاسلىقلىرىغا قارايدىغان بولساق Whistler دېگەن خەتنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭ كۆرۈۋالالايمىز .




Windows XPمەھسۇلات بولىقى



Bill Gates ئۆزى New York كوچىلىرىغا چىقىپ Windows XP نىڭ سېتىلىشىنى تېزلەتمەكتە

Windows XP 2001-يىل 8-ئاينىڭ 24-كۈنى رەسمىي ئېلان قىلىندى. بۇ قېتىم مەھسۇلات نامى يىل نامى بىلەن قويۇلمايدۇ" XP. سەرگۈزەشت" مەنىسىدە بولۇپ، ئېنگلىز تىلىدىكى eXPerience سۆزىدىن كەلگەن Windows XP. نىڭ نەشر نومۇرى 5.1 يەنى Windows NT 5.1 بولۇپ، دەسلەپتە پەقەت كەسپىي نۇسخىسى (Professional) بىلەن ئائىلە نۇسخىسى (Home Edition) دىن ئىبارەت ئىككى خىل نۇسخىسىلا ئېلان قىلىنىپ، كېيىن ئارقا-ئارقىدىن ۋاستە مەركىزى نۇسخىسى

(Media Center Edition)، تاختا كومپيۇتېر نۇسخىسى (Tablet PC Edition) ، قىستۇرما نۇسخىسى(Embedded) ، 64بىتلىق نۇسخىسى(x64 Edition) ، باشلانغۇچ نۇسخىسى (Starter Edition)ۋە تۆۋەن سەپلىملىك PC لار ئۈچۈن مەخسۇس تارقىتىلغان ئىخچام نۇسخىسى (Fundamentals for Legacy PCs)قاتارلىق بىر قاتار نۇسخىلار ئېلان قىلىندى .

WindowsXPبولسا Windows 2000 غا قارىتا نۇرغۇنلىغان ئادىمىلەشكەن يېڭىلاشلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئائىلە ئىشلەتكۈچىلەرگە بولغان ماسلىششچانلىقنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ . Windows XP يەنە Windows Me دىكى كۆپ سانلىق دېتاللارغا ۋارىسلىق قىلىدۇ ھەمدە يېڭىلاش ئېلىپ بارىدۇ، بۇلارWindows Medial Player ، Movie Maker، Windows Messenger ، ياردەم مەركىزى ۋە سىستېما ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، Internet Explorer 6.0بىلەن ئاددىيلاشتۇرۇلغان ئوتتامىمۇ Windows XP گە باغلىنىدۇ. ھالبۇكى، كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان قوشۇمچە ئىقتىدارلار Microsoft نى باشقىلارنىڭ گۇمانىغا قويىدۇ Windows . XPپۈتۈنلەي يېڭىلانغان ئىشلەتكۈچى يۈزىگە ئىگە بولۇپ، بۇ Windows 95 دىن كېيىن Microsoftنىڭ Windows نىڭ سىرتقى كۆرۈنىشىگە قارىتا ئېلىپ بارغان ئەڭ چوڭ "ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيىسى" ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، Microsoft يەنە Windows XP ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان قاتتىق دېتال قوزغاتقۇچى پروگراممىلىرىنى يېزىپ، ئۇنىڭ سىغىششچانلىقنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. يۇمشاق دېتال سىغىششچانلىقى بۇ قېتىمقى يېڭىلاشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ، "سىغىششچانلىق" ئىقتىدارى ئەسلىدە Windows 2000 دا ئىجرا بولمايدىغان نۇرغۇن Windows 9xپروگراممىلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئىچىدىن سەپلەنگەن DirectX 8.1 بولسا Windows XP نىڭ ئويۇنلارغا بولغان قوللىشىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئەمما، Windows XPنىڭ ئېچىلىش دەۋرى قىسقا بولغاچقا، يادروسىدا Windows 2000 غا قارىتا كۆپ ئەمەلىي ئىلگىرىلەش بولمايدۇ. كېيىنكى NT ۋېرسىيىلىرى ئەۋجگە چىققان كۈنلەردە Windows XP مۇ بالايى ئاپەتتىن ساق قالالمايدۇ. بۇ خىل ئوسال ئەھۋال تاكى 2004-يىلدىكى Windows XP SP2 (Service Pack 2)گە كەلگەندىلا ئاندىن ئاجىزلىشىدۇ.




Windows XPقاچىلاش يۈزى




Windows XP ئۈستەل يۈزى

ئالدىنقى بىر نەچچە Windows ساختا نەشرىنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى تويغىچە تارتقان Microsoft بۇ قېتىم Windows XP نىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىدۇ. 30 كۈنلۈك سىناپ ئىشلىتىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ئىشلەتكۈچى چوقۇم تېلېفون ياكى تور ئارقىلىق Windows XP نى "ئاكتىپلاش" تەلەپ قىلىندۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، داۋاملىق ئىشلىتىش هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش، ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ قاتتىق تەنقىد قىلىشىغا ئۇچراپ، كېيىنكى كۈنلەردە Internet تىكى" پېششۇپىتىلگەن" ياكى "ئاكتىپلاش ھاجەتسىز Windows XP " نىڭ يامراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.




Windows XP بىخەتەرلىك مەركىزى

Windows 95 كە ئوخشاش بۇلاپ-تالاپ سېتىۋېلىشتەك مەنزىرە كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن Windows XP يەنىلا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ. ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە، Windows XP كۆنسېرى ئومۇملىشىپ، بازاردىكى ئىگەللەش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئاساسىي ئىقىم مەشغۇلات سىستېمىسىغا ئايلىنىدۇ. ئەڭ يېڭى ستاتىستىكا نەتىجىسىنىڭ كۆرسىتىشىچە، دۇنيادىكى 400 مىليوندىن ئارتۇق كومپيۇتېرغا Windows XP قاچىلانغان.

## Windows Server 2003

يېڭى بازار سىستېمىسى شەكىللەنگەندىن كېيىن، Microsoft ئەسلىدىكى NT يۇقىرىقى ئۈچتىكى مەھسۇلاتلىرىنى Server Windows ئائىلىسى قىلىپ ئايرىيدۇ. بۇ بىر قاتار مەھسۇلاتلارغا شەخسلەرگە قارىتىلغان NT سىستېمىلىرى، مەسىلەن Windows XP ، دىن پەرقلىنىپ، يىل نامى بىلەن نام بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا، Windows Server 2003 بىلەن Windows XP بىر دەۋرگە تەۋە مەھسۇلاتلار ھېسابلىنىدۇ. Windows Server 2003 نىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى كود نامى "Whistler Server" بولۇپ، كېيىن "Windows .NET Server" دەپمۇ ئاتالغان. Windows Server 2003 بولسا 2003-يىلى 3-ئاينىڭ 28-كۈنى دۇنياغا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ھەقىقىي نەشر نومۇرى 5.2 ئوخشاش بولمىغان سودا ئېھتىياجلىرىغا قارىتا، Windows Server 2003 نۇسخىلىرى تېخىمۇ ئىنچىكە ئايرىلىپ، Web نۇسخىسى، ئۆلچەملىك نۇسخىسى، كارخانا نۇسخىسى، سانلىق

مەلۇمات مەركىزى نۇسخىسى قاتارلىق 4 نۇسخىسى تارقىتىلدى. Windows 2000 دىكى ئاكتىپ مۇندەرىجە، گۇرۇپپا ستراتېگىيىسى ۋە باشقۇرۇش، دىسكا باشقۇرۇشتەك نۇرغۇن مۇلازىمېتىر دېتاللىرىغا قارىتا چوڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەنلىكتىن، Windows Server 2003 نىڭ مۇقىملىقى بىلەن بىخەتەرلىكىدە ئۈچقاندەك ئىلگىرىلەشلەر بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، IIS 6 (Internet Information Service)نىڭ مەيدانغا كېلىشى Windows Server 2003 نىڭ Web مۇلازىمېتىرى بولۇش سۈپىتىدىكى ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. Microsoft 2005-يىلىنىڭ ئوتتۇرىدا، Windows Server 2003 نىڭ بىرىنچى مۇلازىمەت بولىقىنى (Service Pack 1) ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن Windows XP SP2 دىكى بىخەتەرلىك ئىقتىدارلىرىنى تەمىنلىدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، Microsoftيەنە ئەسلىدىكى نۇرغۇن نەشرلىرىدە كۆرۈلمىگەن يېڭى ئىقتىدارلارنى قوشۇپ Windows Server 2003 R2 نەشرىنى ئېلان قىلدى. ئەمما، خېرىدارلار ھەقسىز ئەمەس، بەلكى ھەق تۆلەپ ئاندىن R2 نەشرىگە ئېرىشەلەيدۇ.




Windows 2003قوزغىلىش سۈرىتى

دەل Windows Server 2003 دىن باشلاپ، يۇقىرىقى ئۇچتىكى مۇلازىمېتىر بازىرىدا Microsoft ھەقىقي يوسۇندا يېتەرلىك رىقابەتلىشىش كۈچىگە ئىگە مەشغۇلات سىستېمىسى مەھسۇلاتىغا ئىگە بولدى.




Windows Server 2003مۇلازىمېتىرنى باشقۇرۇش  تاللاشلىرى

## Windows Vista

Windows Vistaنىڭ كود نامى "Longhorn" بولۇپ، دەسلەپتە Windows XP بىلەن Windows Vistaدىن كېيىنكى مەشغۇلات سىستېمىسى يەنى "Vienna" ئارىلىقىدىكى 2003-يىلى ئېلان قىلىنىدىغان ئۆتكۈنچى شەخسىي مەشغۇلات سىستېمىسى دەپ بېكىتىلدى. بىراق، كېيىن بارغانسېرى كۆپلىگەن ئىقتىدارلانىڭ قوشۇلىشى سەۋەبىدىن، ئېلان قىلىنىش پىلانى نەچچە قېتىم كەينىگە سۈرۈلۈپ، ھەتتاكى بەزىلەرنىڭ "مەڭگۈ ئېلان قىلىنالمايدىغان مەھسۇلات" دېگەندەك مەسخىرىسىگە ئۇچرايدۇ. 2004-يىلغىچە، Longhornنىڭ تېخى تۈزۈك Beta نۇسخىسمۇ ئېلان قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، Microsoft شىركىتى Longhorn دىكى قىسمەن ئىقتىدارلارنى چىپىپ تاشلاپ، Longhornنى "ئورۇقلىتىدۇ". 2005-يىلى 7-ئايدا، Longhorn رەسمىي يوسۇندا Windows Vistaدېگەن نامغا ئۆزگەرتىلدۇ (نەشر نومۇرى 6.0). بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، Microsoftشىركىتى Windows Vista نىڭ Beta1 نۇسخىسىنى ئېلان قىلىپ، ئارقىدىن ئىككىنچى يىلى 5-ئايدا پۈتۈن ئىقتىدارلارغا ئىگە Beta2 نۇسخىسىنى ئېلان قىلىدۇ.2006-11-1-كۈنى Windows Vista نىڭ كارخانا نۇسخىسى ئېلان قىلىندى. ئادەتتىكى ئىشلەتكۈچىلەرگە قارىتىلغان پارچە سېتىلىش نۇسخىسى  2007-يىلى 1-ئايدا ئېلان قىلىندۇ. ھازىرقى پىلانغا ئاساسلانغاندا، شۇ ۋاقىتتا Windows Vista نىڭ 6 خىل ئوخشىمىغان نەشرى بولىدۇ، ئۇلار بولسا :

( Starterباشلانغۇچ نۇسخىسى)، ( Home Basicئائىلە ئاساسي نۇسخىسى)، Home Premium (ئائىلە ئالاھىدە ياخشى نۇسخىسى)، ( Businessسودا ئىشلەتكۈچىلىرى نۇسخىسى)، Enterprise (كارخانا ئىشلەتكۈچىلىرى نۇسخىسى) ۋە بارلىق ئىقتىدارلىرى تەل بولغان) Ultimate ئەڭ كۆپ ئىقتىدارلىق نۇسخىسى (قاتارلىقلار.




Windows Longhornنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى ئاشكارىلىنىپ قالغان build 3683 نۇسخىسى




Windows Vistaنىڭ قاچىلاش يۈزى

Windows Vistaنۇرغۇن يېڭى ئىقتىدارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلغار ئىزدەش ۋە ئۇچۇرلارنى تەشكىللەش ئۇسۇلى، يېڭى NET. رامكىسىNET Framework 3.0 ، ئەسلى پىلاندىكى نامى WinFX ، پۈتۈنلەي يېڭى Aero ئىشلەتكۈچى يۈزى، يېڭى قوشۇلغان يان ستون (Windows Sidebar)، يېڭىلانغان سىستېما ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخنىكىسى قاتارلىقلار بار. بۇلار بىلەن بىرگە، Internet Explorer 7.0بىلەن Windows Media Player 11 شۇنداقلا باشقا كلاسسىك قوللىنىش پروگراممىلىرىمۇ پۈتۈنلەي يېڭىلىنىدۇ. سىستېما بىخەتەرلىكى جەھەتتىمۇ، Microsoftمىسلىسىز تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ) UAC .ئىشلەتكۈچى ھېساباتىنى كونترولLاش ، IEقوغداش ھالىتى،) Windows Defender (جاسۇسلۇق پروگراممىلىرىغا قارشى تۇرۇش) ، يادرونى قوغداش (64 بىتلىق سىستېما) قاتارلىق ئىقتىدارلارنىڭ قوشۇلىشى Windows Vista نىڭ بىخەتەرلىكىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا،( Windows PE قاچىلاشتىن بۇرۇنقى مۇھىت) نىڭ قوللىنىلىشى قاچىلىنىش ۋاقتىنى زور دەرىجىدە قىسقارتىپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ جەريانىنىمۇ ئاددىيلاشتۇرىدۇ. كۆپ سانلىق ئىشلەتكۈچىلەر 30 مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا سىستېمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلىشىنى تاماملاپ بولىدۇ.




Windows Vistaئۈستەل يۈزى




Windows Vista دىكى Internet Explorer

كۆتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بېرىپلا قالمىسا، Windows Vista نىڭ ئېلان قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى بىر قېتىملىق قاتتىق دېتال يېڭىلىنىش دولقۇنى يېتىپ كېلىدۇ. ئېچىش دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغان Windows مەھسۇلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، Windows Vista چوقۇم كەلگۈسىدىكى بازاردا ئەڭ مۇھىم مەشغۇلات سىستېمىسىغا ئايلىنىدۇ…

Windows Server 2007

Windows Server 2003نىڭ ۋارىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، Windows Vista نىڭ ئېلان قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، Microsoftنىڭ تەڭ دەرىجىدىكى مۇلازىمېتىر مەشغۇلات سىستېمىسمۇ بىزگە يېقىنلىشىپ كەلمەكتە. بۇ مەھسۇلاتنىڭ كود نامى "Longhorn Server" بولۇپ، ۋاقىتلىق بېكىتىلگەن ئېلان قىلىنىش نامى Windows Server 2007. ئۇنىڭدىكى بىزگە مەلۇم بولغان يېڭىلىنىشلاردىن يېڭى ياماق تېخنىكىسى غەيرى يادرو يامىقىنى قاچىلىغاندىن كېيىن كومپيۇتېرنى قايتىدىن قوزغىتىش ھاجەتسىز، IIS 7.0ۋە يىراق مۇساپىلىق مۇلازىمەت دېتالى (RDP 6.0) لار بار بولۇپ، بۇ يېڭى ئىقتىدارلار مۇلازىمېتىر مەشغۇلات سىستېمىسى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ھېسابلىنىدۇ.

“Server Core”دەپ ئاتالغان تېخنىكمۇ Longhorn Server نىڭ ھالقىلىق ئىقتىدارىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق ئىنتايىن ئىخچام **Windows** مۇلازىمېتىر سىستېمىسى قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ . ئۇنىڭدا **Windows** Explorer ۋە Internet Explorer گە ئوخشاش ئادەتتىكى **Windows** دېتالى بولمايدۇ، ئىشلەتكۈچىلەر بۇيرۇق قۇرى ياكى يىراق مۇساپىلىق كونترول سۇپىسى ئارقىلىق باشقۇرالايدۇ. بۇ تېخنىكا رولى ئاددىي مۇلازىمېتىرلار ئۈچۈن قولايلىق ئىلىپ كېلىدۇ.




Windows 2007ئۈستەل يۈزى



[IIS 7.0]

## كەلگۈسكە نەزەر...

Microsoftدۇنيادىكى بازىرى ئەڭ ئىتتىك مەشغۇلات سىستېمىسى بولغان Windows ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە ئېچىش خىزمىتىنى ھەرگىز توختاتمايدۇ. سىز Windows Vista دىن كېيىنكى مەشغۇلات سىستېمىسى قانداق بولار، دەپ قىزىقىشىڭىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە،Microsoft ا 2000-يىلى ئاللا بۇرۇن بۇ پىلان ئۈستىدە چوت سوقۇشنى باشلاپ، بۇ مەھسۇلاتىغا ”Blackcomb“ دەپ كود نامى بېرىدۇ. بۇ يەردە تېخى بەزى قىزىقارلىق ئىشلار مۇ بار بولۇپ، Microsoftنىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان بىر نەچچە مەھسۇلاتىنىڭ كود نامىدا مەلۇم باغلىنىش بار،Vancouver (ا. Canada) دىكى بىر شەھەرنىڭ ئىسمى) نىڭ غەربىي قىسمىدا غەربىي ئامېرىكىدىكى ئەڭ ئىسىل قار تېيىلىش مەيدانى بار بولۇپ، ئۇ يەر Microsoft نىڭ خادىملىرى ئەڭ ئامراق دەم ئېلىش ئورۇنلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەردە ئەڭ داڭلىق ئىككى تاغ بار بولۇپ، ئۇلار Whistler تېغى بىلەن Blackcomb تېغىدىن ئىبارەت. بىزگە مەلۇمكى، Whistlerبولسا Windows XP نىڭ كود نامى، ھالبۇكى Longhorn بۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى بىر كىچىك قاۋاقخانا بولۇپ، قار تېيىلغۇچىلار Whistler تېغىدىن تېيىلىپ چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ھەممىسى بۇ قاۋاقخانىغا كىلىپ بىر ئاز دەم ئېلىۋالىدۇ، ئارقىدىنلا Blackcomb تېغىغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ. تەبىئىيكى، Longhornنىڭ ۋارىسىنىڭ ئىسمى Blackcomb بولۇپ قالىدۇ. 2006-يىلى Microsoft بۇ مەھسۇلاتنىڭ كود نامىنى ”Vienna“ غا ئۆزگەرتىدۇ. ئۇنىڭ ئېلان قىلىنىش ۋاقتى تەخمىنەن 2009-2012 يىللار ئەتراپىدا...

Longhornپىلانىدىكى ستراتېگىيىلىك سەۋەبلىك تۈپەيلىدىن، Microsoft تۈپ-توغرا 5 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ يۇمشاق دېتال مەھسۇلاتىنى تاماملايدۇ. بۇ

بىر كارخانا ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ياخشى ئىش دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، تېخىمۇ كۆپ بۆلەكلەرگە ئايرىلغان Windows كۆندىلىك ئىش تەرتىپىگە قويۇلىدۇ. بۇ ئۇقۇمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى : مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرىنى ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىغا ئاساسەن ئايرىۋېتىپ، ھەر قايسى بۆلەكلىرىنى يۈز (interface) ئارقىلىق ئالاقىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنداق قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى بولسا بىر قېتىمدىلا پۈتۈن مەشغۇلات سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش ھاجەتسىز Vienna. دىكى مەۋھۇملاشتۇرۇش قاتارلىق تېخنىكىلار بىزگە تونۇش بولغان مەشغۇلات سىستېمىسىنى تېخىمۇ فانتازىيىلىك تۈسكە ئىگە قىلىدۇ. بۇندىن باشقا، Longhornپىلانىدا چىپىپ تاشلانغان ئىقتىدارلارمۇ بۇ مەشغۇلات سىستېمىسىدا باشتىن مەيدانغا چىقىدۇ. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ Viennaغا ئائىت بىلىدىغىنىمىز ناھايىتى ئاز بولغانلىقتىن، پەقەت بەزىبىر تەسەۋۋۇرلارنىلا قىلالايمىز، خالاس. بىراق، شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى، Microsoftنىڭ ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكا كۈچى بويىچە، بۇ مەشغۇلات سىستېمىسى ناھايىتى ئارزۇلۇق Windows مەشغۇلات سىستېمىسى بولغۇسى...

ئىزاھ: تېخىمۇ كۆپ كونا Windows نەشرلىرىنىڭ سۈرىتىگە قىزىقسىڭىز، http://www.winhistory.de/ تور پونكىتىنى زىيارەت قىلىڭ. (نېمىس تىلى)
(from cnbeta.com)

# WinXP SP1گە IIS نى قوشۇش

سوئال سورىغۇچى: دىليار886

مەن ئىشخانامدىكى كومپيۇتېرغا بىر كەسپى دىتالنى قاچىلىغان ئىدىم ، بىراق WinXP نىڭ SP2نەشرىدە نورمال ئىشلىمىدى ، شۇنىڭ بىلەن ئامال يوق SP1 نەشرىنى قاچىلىغان ئىدىم ، بىراق نەس باسقاندەك بۇ سىستىمىدا




يۇقىرىدىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەن Internet 信息服务(IIS) دىگەن تۈر يوق ئىكەن ، شۇڭلاشقا بىلەنIIS نى قاچىلاشقا ئامالسىز قالدىم . سىستېمىنى يەنە قايتىدىن قاچىلاي دىسەم مەن بۇ يەرگە نۇرغۇنلىغان دىتاللارنى قاچىلاپ بولغان ئىدىم، ئۇندىن باشقا ھىلىقى كەسپى خىزمىتىمىزگە ئىشلىتىدىغان دىتالنىڭ ئەسلى پروگراممىسىمۇ يوق ) سىستېمىنى ئاساسەن باشقا دىسكىدىن قايتا قاچىلاشقا ئامالسىز) ، شۇڭا بۇ WINXP نى ئۆچۈرمەي ، مۇشۇنىڭ ئۈستىگە IIS نى قاچىلاشنىڭ ئامالى بارمۇ؟ ياردەم قىلغايسىلەر!

**جاۋاپ بەرگۈچى :ئالىپ**

بار . ئۇسۇلى مۇنداق:

WINDOWS/INFدىگەن مۇندەرىجىدىن ( بۇ مۇندەرىجە يوشۇرۇن بولۇپ ، يوشۇرۇن ھۆججەتلەرنى كۆرگىلى بولىدىغان قىلىپ بەلگىلەش كېرەك sysoc.inf ( دىگەن ھۆججەتنى ئېچىپ ئۇنىڭدىكى [Components] دىگەن تۈرنىڭ خالىغان يېرىگە iis=iis.dll,OcEntry,iis.inf,,7قوشۇپ ساقلىۋالىمىز . ئاندىن iis.dll دىگەن ھۆججەتنى تېپىپ ( باشقا كومپيۇتېردىن كۆچۈرسەكمۇ بولىدۇ ) ئۇنى C:\WINDOWS\System32\Setup دىگەن يەرگە ، iis.infنى WINDOWS/INF دىگەن يەرگە كۆچۈرۈپ ، ئاندىن添加/删 Windows 组件دىگەن يەرگە كىرسەك ، IISنى قاچىلاش كۆزنىكى كۆرۈنىدۇ . ئالدىدىكى كاتەكچىگە بەلگە قويۇپ ، 下一步نى باسىمىز ، ھۆججەت سورىغاندا WINDOWS2000 ياكى WINDOWSXPنىڭ دېسكىسىنى سېلىپ I386 مۇندەرىجىسى ئىچىدىكى ھۆججەتنى كۆرسىتىپ بەرسەك بولىدۇ.

iis.dllبىلەن iis.inf چوقۇم ئوخشا بىر سېستىمىنىڭ بولۇشى كېرەك ، ئەگەر بىر قېتىمدا ئۇتۇقلۇق بولمىسا تولۇق ئۆچۈرىۋېتىپ ، ) ئۆچۈرۈش ئۇسۇلى مۇشۇ سەھىپىدە بار ) قايتىدىن قاچىلاپ بېقىڭ

# كومپيۇتېر ئىشلىتىشتىكى "بىخەتەر ھالەت

Windowsمەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ « بىخەتەر ھالەت» نى نېمە ئۈچۈن « بىخەتەر ھالەت» دەيمىز ؟چۈنكى سىستېمىنى بىخەتەر ھالەتتە قوزغاتقاندا ھېچقانداق قوزغىتىش پروگراممىسى ۋە ئاپتوماتىك قوزغىلىدىغان پروگراممىلارنى ئىجرا قىلمايدۇ . ھەتتا ئويتېك دىسكا قوزغاتقۇچ ۋە ياكى باشقا ھەرقانداق سىرتقى ئەسلىھەلەرنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ . شۇڭلاشقا بىخەتەر ھالەت ئەڭ ئاساسلىق ھەم بىخەتەر كومپيۇتېر قوزغىتىش ھالىتىدۇر . ئۇنىڭ ئىشلىتىشكە ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ . تۆۋەندىكىلەر بىخەتەر ھالەتنىڭ ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە بىر قىسىم ئىشلىتىلىشىدۇر.

1.بىخەتەر ۋىرۇس تازىلاش.

بىخەتەر ھالدا ۋىرۇس تازىلىغاندا ۋىرۇسنى ئۈزۈل - كېسىل يوقاتقىلى بولۇۋپلا قالماستىن يەنە ۋىرۇسنىڭ قايچىلاشما يۇقۇملىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ . چۈنكى بىخەتەر ھالەتتە سىستېما پەقەت زۆرۈر بولغان قوزغىتىش ھۆججەتلىرىنىلا ئىجرا قىلىدىغان بولغاچقا ۋىرۇس ئاسانلىقچە ئىچكى ساقلىغۇچقا ھۇجۇم قىلالمايدۇ . ئىزاھات : بۇنداق ئۇسۇل ۋىرۇس تەسىرىدىن كومپيۇتېر ئېچىلىپلا قېتىۋېلىش ۋە ئېچىلماسلىق قاتارلىق ئەھۋاللاردىمۇ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ.

2.بۇزۇلغان سىستېما ھۆججەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش.

سىستېمىدا« مەلۇم ھۆججەتنىڭ بۇزۇلۇشىدىن قوزغۇلۇشقا ئامالسىز» دېگەن ئەسكەرتىش ئۇچۇرى كۆرۈنىدىغان ئەھۋاللارغا يولۇقسىڭىز سىستېمىنى بىخەتەر ھالەتتە قوزغىتىپ بۇزۇلغان ھۆججەتلەرگە قارىتا ئوڭشاش ئېلىپ بارسىڭىز بولىدۇ.

3.سىستېمىنى ئەسلىگە قايتۇرۇش.

WindowsXPدا ناھايىتى ئۈنۈملۈك بىر سىستېما قورالى بار ،ئۇ بولسىمۇ سىستېمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قورالىدىن ئىبارەت . ئۇ سىستېمىنى ئالدىنقى قېتىم زاپاس ساقلىۋالغان ھالەتكە ئېلىپ كېلەلەيدۇ . بىراق نورمال ھالەتتە ئەسلىگە كەلتۈرگەن ۋاقىتتا نۇرغۇن پروگراممىلار قوزغىلىش ھالىتىدە بولغانلىقتىن كومپيۇتېرنىڭ يۈكى ئېغىرلاپ كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەسلىگىڭىز مۇمكىن . شۇڭلاشقا بىخەتەر ھالەتتە ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇۋاپىقيەت قازىنىشنىڭ ئېھتىماللىقى يۇقۇرراق بولىدۇ.

4.ئېكران پىكسلاش سۈرئىتىنى ئەسلىگە قايتۇرۇش.

بەزى ئېكراننىڭ پىكسلاش سۈرئىتىنى يۇقىرى كۆتۈۋەرگەندە قارا ئېكران بولۇۋېلىپ سىستېما ئېچىلمايدۇ . قايتا قوزغاتساقمۇ ئوخشاشلا قارا ئېكران كۆرىنىدۇ . بۇنداق ۋاقىتتا سىستېمىنى بىخەتەر ھالەتتە قوزغىتىپ ئېكران پىكسلاش سۈرئىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويسا بولىدۇ.ئىزاھات : بىخەتەر ھالەتنىڭ VGAتۈرىنى ئىجرا قىلىمىز.

5.« جاھىل » خارەكتېرلىك ھۆججەتلەرنى ئۆچۈرۈش.

سىستېما نورمال خىزمەت ھالىتىدە قوزغالغاندا بەزى « جاھىل » ھۆججەتلەرنى ئۆچۈرگىلى بولماسلىقتەك ئەھۋاللارغا يولۇقۇپ تۇرىمىز . بۇ ۋاقىتتا سىز بۇ ھۆججەتلەرنى سىستېمىنىڭ بىخەتەر ھالىتىدە ئۆچۈرۈشنى ئولىشىپ كۆرسىڭىز بولىدۇ.

ئەسكەرتىش : سىستېمىنىڭ « بىخەتەر ھالىتى»گەكىرىش ئۈچۈن سىستېما قوزغىلىشتىن بۇرۇن F8 كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرسىڭىز« بىخەتەر ھالاتكە » كىرىسىز.

# ۋاقت رايۇنغا ئۈرۈمچى ۋاقتنى قوشۇشنىڭ ئۇسۇلى

يوللىغۇچى: ئالىپ

ۋىندوۋسنىڭ بەزى ھۆججەتلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ ، تىزىملاش جەدۋىلىدىن ئۈرۈمچى ۋاقتىنى قوشۇشنىڭ ئۇسۇلىنى بايقاپ قالدىم ، تۆۋەندىكى رېگ ھۆججەتنى چۈشۈرۈپ ئىجرا قىلساق كومپيۇتېردا ئۈرۈمچى ۋاقتى بولۇش ئىشقا ئاشىدۇ.

```
Windows Registry Editor Version 5.00

[HKEY_LOCAL_MACHINE\SOFTWARE\Microsoft\Windows NT\CurrentVersion\Time Zones\Urumchi Time]
"Display"="(GMT+06:00) XinJang Urumchi"
"Dlt"="Urumchi Yazliq Waqti"
"Std"="Urumchi Waqti"
"MapID"="01,02"
"Index"=dword:000000c4
"TZI"=hex:98,fe,ff,ff,00,00,00,00,c4,ff,ff,ff,00,00,00,00,00,00,00,00,00,00,00,00,\
00,00,00,00,00,00,00,00,00,00,00,00,00,00,00,00,00,00,00,00,00,00,00,00,00,00
```

(بۇ كودنى خاتىرە دەپتەرگە كۆچۈرۈپ ، رېگ ھۆججىتى شەكلىدە ساقلاپ ئىجرا قىلساق بولىدۇ)

# ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ھۆججەتلەرنىڭ كېڭەيتمە ناملىرى

يوللىغۇچى :ئەلتۇغ

A

ACE: Ace پىرسلانغان ئارخىپ شەكلى

ACT: مىكروسوفت OHice ياردەمچى ھۆججىتى

ARC : LHARJ پىرسلانغان ھۆججىتى

ARJ: Robert jungARJ پىرسلانغان ھۆججىتى

ASF: بىر خىل فىلىم ھۆججەت شەكلى

B

BAK:زاپاس ھۆججــەت

BAISC:BAS تىلى ھۆججىتى

BAT:تۈپ بىر تەرەپ قىلىش ھۆججىتى

BIN: 2لىك سىستىما ھۆججىتى

BMP:رەسىم ھۆججىتى

C

CAB: مىكروسوفت پىرىسلانغان ھۆججىتى

Casio: CAM رەسىم ئاپپاراتى شەكلى

CAP : پىرىسلانغان مۇزىكا ھۆججىتى شەكلى

CFG: سەپلەش ھۆججىتى

CHK : windows نىڭ دىسكا تەكشۈرگەندە ياكى دىسكا رەتلىگەندە ساقلىغان ھۆججەت شەكلى

CHM: تەرجىمە قىلىنىپ بولغان HTML ھۆججىتى

CLass : jawa تىپىدىكى ھۆججەت

Windows CLP كىسىپ چاپلاش تاختىسى ھۆججىتى

VisualBasic:Cls تىپىدىكى ھۆججەت

C ++: Cpp كود ھۆججىتى

Cur : windows نۇر ئىستىرېلكا ھۆججىتى

D

DBF: سانلىق مەلۇمات ئامبار ھۆججىتى

DIR : MacroMediaDivector ھۆججىتى

Doc : word ھۆججىتى

MicrosoftWord: DoT قېلىپ ھۆججىتى

E

EXE: ئىجرا قىلىشقا بولىدىغان ھۆججەت

F

FLA : FLASH كىنو ئەسلى ھۆججىتى

FON: سىستىما خەت ھۆججىتى

FRT: مىكروسوفت FOXPRO ھۆججىتى

FXP: مىكروسوفت FOXPRO ئارقىلىق تەرجىمە قىلىنغان پىروگىراما ھۆججــىتى (ئەسلى ھۆججەت)

G

GHO: NORTONدىسكا سايە ھۆججىتى (گوستلانغان پىرس ھۆججەت)

GIF :رەسىم ھۆججىتى

H

HLP:ياردەم ھۆججىتى

HTM: HTML دەرىجىدىن تاشقىرى تېكىست ھۆججىتى

I

ICO: WINDOWS سىنبەلگە ھۆججىتى

INF:ئۇچۇر ھۆججىتى

INI:دەسلەپلەشتۈرۈش ھۆججىتى

INT:ئارلىق كودى . بىر ئەسلى پروگراما گىراماتىكلىق تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كىيىن ئىجرا قىلىشقا بولىدىغان بىر كودنى شەكىللەندۈرىدۇ

J

JAR: JAWAئارخىپ ھۆججىتى

jaawa : jawaئەسلى ھۆججىتى

JPG :JPEGرەسىم ھۆججــــەتلىرى

L

LDB:مىكروۇسوفت ACCess قۇلۇپلاش ھۆججىتى

LOG :مەشغۇلات خاتىرلەش ھۆججىتى

M

MID:MIDIمۇزىكىسى

MMM:مىكروۇسوفت كىنو ھۆججىتى

MP2:قاتلامMPEG ئاۋاز ھۆججىتى ( پىرىسلانغان)

MP3:قاتلام MPEG پىرىسلانغان (يۇقىرى دەرىجىدە ) ئاۋاز ھۆججىتى

MRR:مىكروسوفت FOXPro تىزىملىك ھۆججىتى

MSI:WINDOWS ھۆججەت قاچىلاش بولىقى (سومكىسى، 安装器包 )

MDB: مىكروسوفت ACCESS ھۆججىتى

O

OBJ:ئوبىكىت ھۆججىتى

ODS:Microsoft Outlookerpress خەت ساندۇقى ھۆججىتى

P

Pascal : Pasئەسلى كودى

PDF: AdobeAcrobat (ئېلېكتىروْنلۇق كىتاپ )ھۆججىتى

PM5،PM6 : Pagemakerھۆججىتى

PP3 : Microsoft Power pointپىروْيىكسىيە قويۇش سۆججىتى

PPT: Microsoft Power point ئورگىنال ھۆججىتى

PRF : widows سىستىما ھۆججىتى

Q

QIF : QUICKTimeمۇناسىۋەتلىك رەسىم  ھۆججىتى

QT : QUICKTime كىنو ھۆججىتى

R

RAR : RARپىرىسلانغان ھۆججىتى

REG:تىزىملا ش جەدۋىلى ھۆججىتى

RES : Microsoftvisual C++مەنبە ھۆججىتى

S

SAV : ئويۇن ساقلاش ھۆججختى

SCR:  widowsئىكران قوغداش ھۆججىتى

SES: RAR ئۆزئارخىۋنى يېشىش ھۆججىتى

STR:ئىكران قوغداش ھۆججىتى

SYS:سىستىما ھۆججىتى

T

TMP: widows ۋاقىتلىق ھۆججىتى

TXT:تېكىست  ھۆججىتى

W

WAB:مىكروسوفت ۋاقىتلىق ھۆججىتى

WAV:ئاۋاز ھۆججىتى

WBK:مىكروسوفت  Word  ھۆججىتى

WIZ:مىكروسوفتWord  باشلامچىسى ھۆججىتى

X

XLK:مىكروسوفت  Excelزاپاس ساقلاش ھۆججىتى

XLS:مىكروسوفت  Excelخىزمەت جەدۋىلى

XLM:مىكروسوفت  Excelخىزمەت دەپتىرى

ZAP: widows يۇمشاق ماتىريال قاچىلاش  سەپلىمە ھۆججىتى

ZIP:   ZIP پىرىسلاش ھۆججىتى

# تىزىملاش جەدۋىلىنى تەھرىرلەش دەرسلىكى

يوللىغۇچى:ئىسلام

تىزىملاش جەدۋىلى دەسلەپكى كومپيۇتېر ئۆگەنگۈچىلەرگە نىسبەتەن تېخى ئانچە تونۇشلۇق ئەمەس.مەن مۇشۇ نوقتىنى كۆزدە تۇتۇپ كۆپچىلىككە ئۆزەمنىڭ تەجرىبىسىنى ۋە ئۆگەنگەنلىرىمنى سۆلەپ بەرمەكچى.خاتالىق بايقىساڭلار تۈزىتىش بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

.1تىزىملاش جەدۋىلىنىڭ بارلىققا كېلىشى

مىكرو كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئىشلەتكۈچى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن كومپيۇتېرنىڭ قاتتىق دېتال ۋە يۇمشاق دىتاللىرىغا ھەر خىل تەڭشەشنى ئېلىپ بارالايدىغان بولۇشى بولۇپ، Windows3.xدە بۇ مەشغۇلاتنى كېڭەيتىلگەن نامىini. بولغان ھۆججەت ئارقىلىق تاماملاپ كەلگەن.بىراق ini. بولغان بۇ ھۆججەتلەرنى باشقۇرۇش ۋە تەڭشەش ئانچە قولايلىق ئەمەس ئىدى.چۈنكى ھەر ئۈسكىنە ۋە ھەر بىر يۇمشاق دىتالنىڭ ئۆزىنىڭini. ھۆججىتى بولىشى ۋە ئاشۇ ھۆججەت ئارقىلىق تەڭشەش زۆرۈر ئىدى.بۇنى تەڭشەش ۋە بۇ ھۆججەتلەرگە تۈر قېتىش مەزمۇن قېتىش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى.

يوقارقىWindows95 ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى نەشرلىرىدە «تىزىملاش جەدۋىلى»دەپ ئاتىلىدىغان ساندان ئارقىلىق باشقۇرىلىدىغان،ھەر خىل قاتتىق دېتال ۋە يۇمشاق دىتال ئۇچۇرلىرى مۇشۇ ساندان ئارقىلىق يىغىنچاقلىنىپ ساقلىنىدىغان بولدى.بۇنىڭ ini. بىلەن ئوخشىمايدىغان پەرقى تۆۋەندىكىچە:

(1)تىزىملاش جەدۋىلى ئىككىلىك ساناق سىستېمىسى ئارقىلىق ئۇچۇرلارنى تىزىملىتىدۇ.

(2) تىزىملاش جەدۋىلى تارماق ئاچقۇچلارنى قوللايدۇ،ھەر دەرىجىلىك ئاچقۇچلارنىڭ ئۆزىنىڭ قىممىتى بولىدۇ.

(3) تىزىملاش جەدۋىلىدىكى ھەر قايسى ئاچقۇچلارنىڭ قىممىتى ئادەتتىكى ھەپ-بەلگە تىزمىسى بولماستىن بەلكى ئىجرا قىلىشقا بولىدىغان كودنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(4) ئوخشاش بىر كومپيۇتېردا كۆپ ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئايرىم ساقلىيالايدۇ.

تىزىملاش جەدۋىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى:

(1) تىزىملاش جەدۋىلى قاتتىق دېتاللارغا ،ئەملى قوللىنىدىغان يۇمشاق دىتاللارغا،سىستېما پارامىترلىرىغا ۋە ئۈسكىنىلەرنىڭ قوزغىتىش پىروگراممىلىرىغا تەڭشەش ئېلىپ بېرىشقا رۇخسەت قىلىدىغان بۇلۇپ،خېلى كۆپ قىسىم ئۆزگەرتىشلەردە كومپيۇتېرنى قايتا قوزغاتمىسىمۇ ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

(2) دەسلەپكى Windows مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ تىزىملاش جەدۋىلىگە تىزىملانغان قاتتىق دىتاللار ئۇچۇرلىرىنىWindows نىڭ يوقىرى نەشرىگىمۇ قوللاتقىلى بولىدۇ.

(3) باشقۇرغۇچى ياكى ئىشلەتكۈچى تىزىملاش جەدۋىلى ئارقىلىق توردا يىراق مۇساپىلىق باشقۇرۇش ئېلىپ بارالايدۇ.

2. تىزىملاش جەدۋىلىنى ئىشلىتىش

تىزىملاش جەدۋىلى باشقۇرغۇچىنى Windows مۇھىتىدا(ئىجرا قىلىش) 运行 گە regedit نى كىرگۈزۈپ ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئاچقىلى بولىدۇ. DOS بۇيرۇق ھالىتىدە regedit نى بىۋاستە كىرگۈزۈش ئارقىلىقمۇ ئاچقىلى بولىدۇ.

3.تىزىملاش جەدۋىلىنى چۈشەندۈرۈش

(1) hkey_classes_root بولسا بارلىق OLE ئۇچۇرلىرى ۋە ھۆججەت تىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، hkey_local_machine\software\classes دىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن.

(2)hkey_current_user بولسا ئىشلەتكۈچى ئۇچۇرلىرىنى ساقلايدىغان بولۇپ، hkey_users دىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن.

(3)hkey_local_machine بولسا مەكۇر كومپيۇتېرنىڭ سەپلىمە ئۇچۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ،قاتتىق دېتال ئۇچۇرلىرى،قوزغىتىش پروگراممىلىرى،ئەملى قوللىنىدىغان يۇمشاق دىتال ئۇچۇرلىرىنى تەشكىل بولىدۇ.

(4)hkey_users بولسا ئىشلەتكۈچى ئۆزگەرتكەن قاتتىق دېتال ۋە يۇمشاق دىتال ئۇچۇرلىرى ساقلىنىدۇ.

(5)HKEY_CURRENT_CONFIG بولسا ھازىر ئىچكى ساقلىغۇچتا ساقلىنىۋاتقان سىستېما ئۇچۇرلىرىنى ئۆزىش ئىچىگە ئالىدۇ.

4.تىزىملاش جەدۋىلىنىڭ تەپسىلى مەزمۇنى

(1)

Hkey_local_machine\software\microsoft\windows\currentVersion\explorer\usershell folders دا 我的文档，收藏夹，桌面 ۋە باشقا مەخسۇس ھۆججەت قىسقۇچلارنىڭ يول نامىلىرى ساقلانغان.

(2)

Hkey_local_machine\system\currentControlSet\control\keyboardLayouts دا كۇنۇپكا تاختىسى ئىشلىتىدىغان تىل ۋە ھەر خىل كىرگۈزۈش شەكىللىرىنىڭ ئۇچۇرلىرى ساقلانغان.

(3)

Hkey_users\.Default\software\microsoft\internet explorer\typeURLs دا IEنىڭ ئادرىس ئىستونىغا كىرگۈزۈلگەن ئادرىس ئۇچۇرلىرى ساقلانغان.

(4)Hkey_users\.Default\so..\mi..\wi..\currentVersion\ex..\menuOrder\startMenu غا 程序 تىزىملىكىنىڭ ئۇچۇرلىرى ساقلانغان.

(5)Hkey_users\.Default\so..\microsoft\windows\currentVersion\explorer\RunMRU دا 运行 دا ئىجرا قىلىنغان پروگراممىا ئۇچۇرلىرى ساقلىنىدۇ.

(6)Hkey_users\.Default\so..\microsoft\windows\currentVersion\explorer\ecentDocs دا ئەڭ يېقىدا ئېچىلغان 15دانە ھۆججەتنىڭ ئۇچۇرلىرى ساقلانغان بولۇپ 文档 تىزىملىكى تازلانغاندا تازلىنىدۇ.

(7) Hkey_local_machine\software\microsoft\windows\currentVersion\uninstal دا
قاچىلانغان پىروگىراممىلارنىڭ تەتۈر قاچىلاش(卸载) ئۇچۇرلىرى ساقلانغان.
(8)
Hkey_local_machine\system\CurrentControlSet\control\update دا
چوتكىلاش(刷新)نى بەلگىلەشكە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار ساقلانغان.قىممىتى 00بولۇپ بەلگىلەنسە ئاپتوماتىك چوتكىلاشنى 01بولسا ئۆزى چوتكىلاشنى كۆرستىدۇ.
(9)
hkey_users\.default\software\microsoft\windows\currentVersion\run دا
كومپيۇتېر قوزغالغاندا ئاپتوماتىك ئىجرا بولىدىغان پىروگىراممىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار ساقلانغان.سىز بۇ يەردىن ئاپتوماتىك ئىجرا بولۇشنى بەلگىلىۋالالايسىز.
5.تىزىملاش جەدۋىلىنى قانداق زاپاسلايمىز ۋە قانداق ئەسلىگە كەلتۈرىمىز.
خاتا مەشغۇلات تۈپەيلىدىن سىستىما ھۆججەتلىرى يۇتۇپ كەتمەي ۋە ۋىرۇسنىڭ ھۇجۇمىغىمۇ ئۇچرىماي تۇرۇپ بۇزۇلۇپ كېتىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.بۇ ۋاقىتتا سىز ئالدىنئالا تىزىملاش جەدۋىلىنى زاپاسلاپ قويغان بولسىڭىزلا سىستېمىنى قايتا قاچىلاشنىڭ ھاجىتى يوق.پەقەت تىزىملاش جەدۋىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويسىڭىزلا بولىدۇ.
(1)تىزىملاش جەدۋىلى تەھرىرلىگۈچى ئارقىلق زاپاسلاش.
开始تىزىملىكىدىن运行نى ئېچىپ regedit نى ئېچىپ ئىجرا قىلساق تىزىملاش جەدۋىلىنى تەھرىرلىگۈچ ئېچىلىدۇ文件 تىزىملىكىدىن导出 نى تاللاپ ئىسىم قويۇپ،ساقلايدىغان ئورۇننى كۆرستىپ بەرگەندىن كېيىن保存 نى باسساق تىزىملاش جەدۋىلى زاپاسلىنىدۇ.كېيىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش زۆرۈر بولغاندا导入 نى ئېچىپ زاپاس ھۆججەتنى كۆرستىپ بەرسەك تىزىملاش جەدۋىلى ئەسلىگە كېلىدۇ.
(2) ئەگەر كومپيۇتېر تىزىملاش جەدۋىلىنىڭ بۇزۇلىشى تۈپەيلىدىن قوزغىلالماي قالغاندا قانداق قىلىش كېرەك.بۇ ۋاقىتتا بىز كومپيۇتېرنىdos ھالىتىدە قوزغىتىپc:\windows قا كىرىپ scanreg/restoreبۇيرۇقىنى بەرسەك تىزىملاش جەدۋىلى ئالدىنقى قېتىم زاپاسلانغان ھالەتكە قايتىدۇ.ئەگەر بىز تىزىملاش جەدۋىلىنىڭ زاپاسلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆزىمىز زاپاس ھۆججەتنى تاللاپ ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولساق، scanregبۇيرۇقىنى بەرسەك بارلىق زاپاس ھۆججەتلەرنى ۋە زاپاسلانغان ۋاقىتلىرىنى كۆرستىپ بېرىدۇ.بۇ ۋاقىتتا بىز ئېھتىياجىمىزغا ئاساسەن تاللاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالساق بولىدۇ.تىزىملاش جەدۋىلىنى زاپاسلىماقچى بولساق، scanreg/backupبۇيرۇقىنى بەرسەك نۆۋەتتىكى تىزىملاش جەدۋىلىنى زاپاسلاپ بېرىدۇ.
6.تىزىملاش جەدۋىلىدىن ئەپچىل بىر قانچە تېخنىكا
(1)كومپيۇتېرنىڭ ئېچىلىش ۋە ئېتىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش
[Regedit]-->[HKEY_CURRENT_USER]-->[ControlPanel]-->[Desktop]نى ئېچىپ، HungAppTimeoutنىڭ قىممىتىنى 200گە، WaitToKillAppTimeoutنىڭ قىممىتىنى 1000گە،[HKEY_LOCAL_MACHINE]-->[System]-->[CurrentControlSet]-->[Control]،

دىكىHungAppTimeout نىڭ قىممىتىنى 200گە، WaitToKillServiceTimeoutنىڭ قىممىتىنى 1000گە ئۆزگەرتىپ قويسىڭىز بولىدۇ.

(2)ئىچكى ساقلىغۇچتىكى ئىشلىتىلمەيدىغانdll ھۆججەتلىرىنى چىقىرىۋېتىش.

دىكى[HKEY_LOCAL_MACHINE]-->[SOFTWARE]-->[Microsoft]- Windows]-->[CurrentVersion Explorerغا بىر تۈر AlwaysUnloadDLL نى قېتىپ قىممىتىنى 1 قىلىپ بەلگىلەپ قويسىڭىز بولىدۇ.ئەگەر بۇ خىل ئىقتىدارنى توختاتماقچى بولسىڭىز قىممىتىنى 0گە ئۆزگەرتىپ قويسىڭىز بولىدۇ

## تىزىملاش جەدۋىلىدىن بىر قانچە ساۋاتلار

### يوللىغۇچى:islamboyi

1.ئۈستەل يۈزىدىكى سىن ـ بەلگىلەرنى چەكلەش

ئاۋال تىزىملاش جەدۋىلىگە كىرىمىز. باشلاش=>ئىجرا regedit <=

HKEY_USERS\.DEFAULT\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\Explorerغا كىرىپ ئوڭ تەرەپ كۆزنەككە ئىسمى NoDesktop بولغان DWORDقىممەتتىن بىرنى قۇرىمىز.قىممىتىنى 1 قىلىپ تەڭشەيمىز. بۇ DWORD ئاۋال بولسا قىممىتىنى ئۆزگەرتسەكلا بولىدۇ.

2.ئۈستەل ئارقا كۆرنىشنى ئۆزگەرتىشنى چەكلەش.

ئاۋال تىزىملاش جەدۋىلىگە كىرىمىز. باشلاش=>ئىجرا regedit <=

HKEY_CURRENT_USER\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\غا كىرىپ ئىسمى ActiveDesktopبولغان يىڭى تۈردىن بىرنى قۇرىمىز.ئاندىن ActiveDesktop غا NoChangingWallPaperنامدىكى DWORD قىممەتتىن بىرنى قۇرۇپ قىممىتىنى 1 قىلىپ تەڭشەيمىز.

3.تىزىملاش ئارقا كۆرنىشنى ئۆزگەرتىش

ئاۋال تىزىملاش جەدۋىلىگە كىرىمىز. باشلاش=>ئىجرا regedit <=

HKEY_USERS\.DEFAULT\Control Panel\Desktopغا كىرىپ ئوڭ تەرەپتىكى رايۇندىن Wallpaperئىسىمدىكى sz نىڭ قىممىتىنى خالىغانbmp نىڭ ھۆججەت ئادىرسىنى تولدۇرىمىز.ئاندىن TileWallpaper ئىسىمدىكىszنىڭ قىممىتىنى 1،2،0دىن ئىبارەت خالىغان بىرىگە توغرىلايمىز.0 ئوتتۇرا، 1 ياياماق، 2دىگىنى تولۇق رەسىم دىگەننى بىلدۈرىدۇ . كومپيۇتېرىڭىزنى قايتا قوزغاتسىڭىزلا ئۈنۈمنى كۆرەلەيسىز.

4.ئۈستەل يۈزى خاسلىقنى ئۆزگەرتىشنى چەكلەش.

ئاۋال تىزىملاش جەدۋىلىگە كىرىمىز. باشلاش=>ئىجرا regedit <=

HKEY_CURRENT_USER\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\ [ دىگەن تۈر ئاستىغا System دىگەن نامدا يىڭى تۈردىن بىرنى قوشىمىز.ئاندىن System نى چېكىپ ئوڭ

تەرەپ كۆزنەككەNoDispCPL نامدىكىdword قىممەتتىن بىرنى قوشىمىز. قىممىتىنى 1 قىلىپ تەڭشەيمىز.

5.مەلۇم بىر پىروگىراممىنىڭ ئىجرا بولۇشىنى چەكلەش.

ئاۋال تىزىملاش جەدۋىلىگە كىرىمىز. باشلاش=>ئىجرا regedit<=

HKEY_CURRENT_USER/Software/Microsoft/Windows/CurrentVersion/Policies/Explorer

ئاستىغاDisallowRun نامدىكىDWORD قىممەتتىن بىرنى قوشىمىز. قىممىتىنى 1 سانلار سىستېمىسىنى 16 قىلىپ تەڭشەيمىز.

HKEY_CURRENT_USER/Software/Microsoft/Windows/CurrentVersion/Policies/Explorer

ئاستىغا يېڭىدىن بىر DisallowRun نامدىكى تۈردىن بىرنى قوشىمىز.يېڭىدىن قۇرغان DisallowRunنىڭ ئىچىگە 1 نامدىكى REG_SZ قىممەتتىن بىرنى قۇرىمىز. ھەمدە 1نامدىكى قىممەتنى قوش چېكىپ تېكىست رامكىسى ئىچىگە خالىغان ئىجرا ھۆججەت ياكى مەلۇم پىروگىراما نامىنى يازىمىز .مەسلەن:خاتىرە دەپتەرگە Notepad.exe دەپ يازىمىز.

ئەگەر داۋاملىق تۈر قوشماقچى بولساق DisallowRun نامدىكى تۈر ئاستىغا 2 نامدىكى (REG_SZ 3،4،5)قىممەتتىن داۋاملىق قوشۇپ تېكىست رامكا ئىچىگە خالىغان پىروگىراما نامىنى يازىمىز .

6.قاچىلاش پىروگىراممىسىنىڭ تىزىملاش جەدۋىلى ئىچىگە يېزىلىشىنى چەكلەش.(بىخەتەرلىك ئۈچۈن)ئاۋال تىزىملاش جەدۋىلىگە كىرىمىز .باشلاش=>ئىجرا regedit<=

HKEY_CURRENT_USER\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\Systemنى

ئاچىمىزSystem.بولمىسا ئۆزىڭىز يېڭىدىن بىر تۈر قوشىشىڭىز بولىدۇ.ئوڭ تەرەپكە DisableRegistryToolsنامدىكىDWORD قىممەتتىن بىرنى قوشىمىز.قىممىتىنى1 قىلىپ تەڭشەيمىز.تىزىملاش جەدۋىلىدىن چېكىنىپ قايتا كىرسىڭىز «تىزىملاش جەدۋىلى باشقۇرغۇچى تەرىپىدىن قۇلۇپلاندى»دىگەن ئۇچۇر چىقىدۇ.ئەگەر قۇلۇپنى يېشىمەي دىسىڭىز خاتىرە دەپتەردىن پايدىلىنىپ تۆۋەندىكى قۇرلارنى كىرگۈزۈپ reg ھالەتتە ئىجرا قىلسىڭىزلا بولىدۇ.

REGEDIT4[HKEY_USERS\.DEFAULT\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\ Policies\system"DisableRegistryTools"=dword:00000000] كومپيۇتېرىڭىزنى قايتا قوزغاتسىڭىزلا ئۈنۈمىنى كۆرەلەيسىز.

7.مائۇس ئوڭ تىزىملىكىنى ئۆزگەرتىش.

ئاۋال تىزىملاش جەدۋىلىگە كىرىمىز. باشلاش=>ئىجرا regedit<=

HKEY_CURRENT_USER\Software\Microsoft\InternetExplorer\MenuExtغا

كىرىمىز.ئاندىن ئۆزگەرتمەكچى بولغان تۈرنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىرىنى ئۆزگەرتسەكلا بولىدۇ.(تەپسىلى دەپ ئولتۇرمىدىم،چۈنكى مۇناسىۋەتلىك قىممەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى مىنىڭچە ھەممىڭلار قىلالايسىلەرغۇ دەيمەن)نامى ۋە ساقلىنىش ئادرىسى قاتارلىقلارنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.(بۇ جايدا پەقەت بىر قىسىم سىرتتىن قاچىلانغان سىستېمىلارغاۋاكالىتەن ئىشلىتىلىدىغان تۈرلەر بار.باشقىلىرىغا ئايرىم چۈشەنچە بىرىشىم مۇمكىن)

7.مائۇس ئوڭ كۇنۇپكىسنى چەكلەش.
ئاۋال تىزىملاش جەدۋىلىگە كىرىمىز. باشلاش=>ئىجرا=> regedit =>
HKEY_CURRENT_USER\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\Explorer
غا كىرىمىز.ئوڭ تەرەپ كۆزنەككە NoViewContextMenu نامدىكى binary قىممەتتىن بىرنى قۇرىمىز.قىممىتىنى 01 00 00 00 غا ئۆزگەرتىمىز.
8.ئىجرا تىزىملىكىنى چەكلەش.
ئاۋال تىزىملاش جەدۋىلىگە كىرىمىز. باشلاش=>ئىجرا=> regedit =>
HKEY_CURRENT_USER\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\Explorer
غا كىرىمىز.ئوڭ تەرەپ كۆزنەككە NoRun نامدىكى يېڭى DWORD قىممەتتىن بىرنى قۇرىمىز.قىممىتىنى 1 قىلىپ تەڭشەيمىز.
يوللىغۇچى:ئەكرەم ئەخمەت
9.جاھاننامە ئادرېس ستونىدىكى تارىخىي ئادرېس خاتىرىلىرىنى ئاپتوماتىك يۇيۇپ تاشلاش :
باشلاش تىزىملىكىدىن ئىجرا قىلىش رامكىسىنى (运行) قوزغىتىپ، ئىچىگە regedit دەپ تولدۇرۇپ تىزىملاش جەدۋىلى تەھرىرلىگۈچىنى ئاچىمىز ،
ئاندىن HKEY_CURRENT_USER\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\Explorer
تىپىپ ، ClearRecentDocsOnExit ئىسىملىك بىر 十六进制键 (ئون ئالتىلىك سىستېما كۇنۇپكىسى مۇشۇنداق دىسە مۇۋاپىق بولامدۇ بىلمىدىم) دىن بىرنى قۇرىمىز .ئاندىن قىممىتىنى 01,00,00,00 قىلىپ تولدۇرۇپ كومپيۇتېرنى قايتا قوزغاتساقلا بولىدۇ !
10. تەگلىكتىكى (桌面) ھەممە ئايكون كۆرۈنۈشىنى يوشۇرۇپ قويۇش:
باشلاش تىزىملىكىدىن ئىجرا قىلىش رامكىسىنى (运行) قوزغىتىپ، ئىچىگە regedit دەپ تولدۇرۇپ تىزىملاش قەدۋىلى تەھرىرلىگۈچىنى ئاچىمىز، ئاندىن، HKEY_CURRENT_USER\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\Explorer تېپىپ ،
يېڭىدىن بىر DWORD قىممەتتىن بىرنى قۇرىمىز ، ئىسمىنى NoDesktop دەپ تولدۇرىمىز ، قىممىتىنى 1 دەپ تولدۇرىمىز ! ئاندىن كومپيۇتېرنى قايتا قوزغاتساقلا بولىدۇ ، ئۇ چاغدا تەگلىكتىكى ھېچنىمە يوقلۇقنى بايقايسىلەر!
11. بىز ۋىندوۋسنى يېڭى قاچىلىغاندا ياكى بەزى گوست نەشردىكى ۋىندوۋسلارنى قاچىلىغان ۋاقىتتا سىستېما قوزغىلىپ قارشى ئېلىش كۆزنىكى چىقىشتىن بۇرۇن Administrator، ئەزالىق تىزىملىتىش كۆزنىكىنى كۆرۈنۈپ بىزنىڭ بېسۇۋېتىشىمىزنى ساقلاپ كەچكىچە قاراپ تۇرىدۇ.كومپيۇتېرنى قوزغاتقانلا ھامان سىستېما قوزغىلىپ بېسىپ قۇيۇشىمىزنى سورىماي بىۋاستە قوزغىلىۋېرىدىغان قىلغىلى بولماسمۇ؟بولىدۇ. بۇنى بىز تىزىملاش جەدۋىلى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىمىز.
ئۇنداقتا تۆۋەندىكىدەك مەشغۇلات قىلىڭ:
سىز باشلاش تىزىملىكىدىن ئىجرا قىلىش نى بېسىپ Regedit نى بېسىپ تىزىملاش جەدۋىلىنى قوزغۇتۇڭ .ئاندىن،
HKEY_LOCAL_MACHINE\SOFTWARE\Microsoft\WindowsNT\CurrentVersion\Winlogon نى

ئېچىپ ئوڭ تەرەپتىكى كۆزنەكتىكى ئۆچۈرلار ئارىسىدىن AutoAdminLogon دىگەن قۇرنى چىكىپ قىممىتىنى 1 گە ئۆزگەرتىڭ .شۇندىلا كومپيۇتېرنى قوزغاتسىڭىز بىۋاستىلا قوزغىلىشۇرىدۇ.

# windows xp 外观ھۆججىتى نەدەساقلىنىدۇ

سوئال سورىغۇچى:uruk

جاۋاپ بەرگۈچى:sada153

windows xp 外观ھۆججىتىنى نەدىن ئۆچۈرۈمىز ئۆچۈرۈپ بولۇپ قانداق قاچىلايمىز؟

C:\WINDOWS\Resources\Themes

ساقلىنىش ئورنى مۇشۇ شۇ...قاچىلاش ئۇسۇلى .كېڭەيتىلگەن نامى Theme بولغان ھۆججەتنى ئىجرا قىلسىڭىز بولىدۇ....بەزى ۋاقىتلاردا ئىجرا بولماي قالسا xp نىڭ ئەسلى ئۇسلۇپ ھالىتنى تاللاپ ئاندىن ئىجرا قىلدۇرسىڭىز بولىدۇ قايتا قوزغالغاندا ئالدىنقى قېتىملىك تارىخىي ئادرېس خاتىرىلىرىنى ئاپتوماتىك يۇيۇپ تاشلايدۇ!

# كۆپ ئۇچرايدىغان ئىجرا قىلىش بۇيرۇقلىرى

باشلاش تىزىملىكىدىن ئىجرا قىلىش رامكىسىنى (运行) قوزغىتىپ،ئىچىگە تۆۋەندىكى بۇيرۇقلارنى كىرگۈزىمىز ! ھەممىسىنىڭ ئۆز ئادىغا رولى بار!

winver بولسا Windows نىڭ نەشرىنى تەكشۈرۈش!

dxdiag بولسا DirectX ئۈچۈرلىرىنى تەكشۈرۈش!

mem.exe بولسا ئىچكى ساقلىغۇچنىڭ ئىشلىتىش ئەھۋالىنى كۆرستىپ بېرىدۇ!

Sndvol32 بولسا ئاۋاز كونتىرول قىلىش پروگراممىسنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

sfc.exe بولسا سىستىما ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرگۈچ!

gpedit.mscبولسا گۇرۇپپىلار بويىچە تەڭشەش ئېلىپ بارىدۇ !

regedit.exe بولسا تىزىملاش قەدۋىلى تەھرىرلىگۈچنى ئېچىپ بېرىدۇ!

Msconfig.exe بولسا سىستىما سەپلىمىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى كۆرستىپ بېرىدۇ !

cmd.exe CMD بولسا بۇيرۇق ئەسكەرتمە پروگراممىسنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

chkdsk.exe Chkdsk بولسا قاتتىق دېسكىنى تەكشۈرۈش پروگراممىسنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

services.msc بولسا مۇلازىمەت كۆزنىكىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

lusrmgr.msc بولسا يەرلىك ئابونت باشقۇرۇش كۆزنىكىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

drwtsn32 بولسا Windows سىستىما دوختۇرى كۆزنىكىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

cleanmgrبولسا رەتلەش ئېلىپ بېرىش كۆزنىكىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

mmc بولسا كونترول سۇپىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

15 p- ron

once بولسا 15سىكونتتىن كېيىن ئاپتوماتىك كومپيۇتېرنى ئۆچۈرۈش !

taskmgr بولسا ۋەزىپە باشقۇرۇش پىروگراممىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

devmgmt.msc بولسا ئۈسكىنە باشقۇرۇش پىروگراممىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

diskmgmt.msc NT بولسا قاتتىق دېسكا باشقۇرۇش پىروگراممىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

compmgmt.msc بولسا كومپيۇتېر باشقۇرۇش پىروگراممىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

winchat بولسا كىچىك دائىرىيىلىك توردا پاراڭلىشىش پىروگراممىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

mspaint بولسا رەسىم سىزىش تاختىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

nslookup بولسا تورنى باشقۇرۇش قورالىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

syskey بولسا سىستېمىغا مەخپىي ئۈچۈر ئورنىتىش پىروگراممىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

wupdmgr بولسا Windows نى يېڭىلاش تور بېكىتىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

Clipbrd بولسا قىيىپ چاپلاش تاختىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

Odbcad32 بولسا ODBC سانلىق مەلۇمات مەنبەسىنى باشقۇرۇش پىروگراممىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

Nslookupبولسا IP ئادرېسىنى تەكشۈرۈش پىروگراممىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

write بولسا خەت يېزىش تاختىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

mstsc بولسا يىتاق مۇساپىلىق ئۇلاش پىروگراممىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ !

magnify بولسا چوڭايتىپ كۆرسىتىش ئەينىكىنى ئىشلىتىش پىروگراممىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ

mobsync بولسا ماس قەدەملىك بۇيرۇق پىروگراممىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ!

dfrg.msc بولسا دېسكا پارچىلىرىنى رەتكە سېلىش پىروگراممىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ!

dcomcnfgبولسا سىستىما بىرىكمە دېتال مۇلازىمىتىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ!

notepad بولسا خاتىرە دەپتەرنى ئېچىش !

ntbackup بولسا سىستىمىنى زاپاسلاش ۋە ئەسلىگە قايتۇرۇش پىروگراممىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ!

narrator بولسا سىستىما ئاپتوماتىك بايان قىلىش پىروگراممىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ!

ntmsmgr.msc بولسا يۆتكىگۈچلىك ساقلىغۇچنى باشقۇرۇش پىروگراممىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ!

syseditبولسا سىستىما سەپلىملىرىنى تەھرىرلەش پىروگراممىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ!

sndrec32 بولسا سىستىما ئۈن ئېلىش پىروگراممىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ!

ventvwr بولسا ۋەقە تەكشۈرۈش پىروگراممىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ!

eudcedit بولسا خەت كەشپ قىلىش پىروگراممىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ!

explorerبولسا مەنبە باشقۇرغۇچنى ئېچىش!

perfmon.msc بولسا كومپيۇتېرنىڭ ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش پىروگراممىسىنى قوزغىتىپ بېرىدۇ!

progman بولسا پروگراممىا باشقۇرغۇچنى ئېچىپ بېرىدۇ !
calc بولسا ھېسابلىغۇچ پروگراممىسنى قوزغىتىپ بېرىدۇ!
cleanmgrبولسا دېسكا تازىلاش پروگراممىسنى قوزغىتىپ بېرىدۇ!
ciadv.msc بولسا كۆرسەتمە مۇلازىمەت پروگراممىسنى قوزغىتىپ بېرىدۇ!
osk بولسا ئېكراندىكى كونۇپكا تاختىسنى ئېچىش
lusrmgr.msc بولسا يەرلىك ئەشلەتكۈچى ۋە گۇرۇپپىنى كۆرستىپ بېرىدۇ!
utilman بولسا قوشۇمچە قوراللارنى باشقۇرۇش پروگراممىسنى قوزغىتىپ بېرىدۇ!
fsmgmt.msc بولسا ئورتاق پايدىلىنىدىغان ھۆججەتنى باشقۇرۇش پروگراممىسنى قوزغىتىپ بېرىدۇ!
logoff بولسا تار دائىرىدىكى قايتا قوزغىتىش!

# Windowsنىڭ ئىجرا قىلىش بۇيرۇقىدىكى سىرلار

يوللىغۇچى: بىلال 99

Windowsنىڭ [باشلاش]تىزىملىكىدىكى [ئىجرا قىلىش] ئارقىلىق Windows سىستېمىسى ياكى dosسىستېمىسىدىكى ئىجرا بولىدىغان ھۆججەتلەرنىڭ نامىنى يېزىش ئارقىلىق ئىجرا قىلىش مەقسىدىگە يىتەلەيمىز. بىراق، بۇ كۆزنەكتىكى بۇيرۇق يېزىش ئورنىغا تۆۋەندە ئېيتىلغاندەك سۆزلەرنى يېزىش ئارقىلىقمۇ بەزىبىر ئويلاپ باقمىغان ئۈنۈملەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

(1)كۆزنەككە ئىككى چېكىت «..» نى كىرگۈزۈپ جەزملەشتۈرۈش كۇنۇپكىسنى باسساق Windowsقاچىلانغان مۇندەرىجىگە كىرىمىز.

(2) «Welcome» دېگەن سۆزنى كىرگۈزۈپ جەزملەشتۈرسەك Windows نى يېڭى قاچىلانغاندىكى قارشى ئېلىش كۆزنىكى كۆرۈنىدۇ.

(3) «Regedit» نى كىرگۈزۈپ ئىجرا قىلساق Windows نىڭ تىزىملاش جەدۋىلى كۆزنىكى كۆرۈنىدۇ. كۆزنەكتىن تىزىملاش جەدۋىلىگە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارالايمىز. (دىققەت: قالايمىقان ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك)

(4) «Drwatson» نى كىرگۈزۈپ ئىجرا قىلساق ئېكراننىڭ ئوڭ ئاستى تەرىپىدە Windows نىڭ خاتالىقنى تاپىدىغان ۋاتسون پروگراممىسىنىڭ بەلگىسى كۆرۈنىدۇ.

(5) «Scanreg» نى كىرگۈزۈپ ئىجرا قىلساق Windows دىكى سىستېما خاتالىقنى تاپىدىغان ھەم ئوڭشايدىغان پروگراممىا قوزغىلىدۇ.

(6) «Tour98» نى ئىجرا قىلساق 98 Windowsنىڭ ئوقۇتۇش يۇمشاق دىتالى قوزغىلىدۇ.

(7) «asd» نى كىرگۈزۈپ ئىجرا قىلساق سىستېمىنىڭ قاتتىق دىتال قوزغىتىش پروگراممىسىدا مەسىلە بار يوقلىقىنى تەكشۈرىدۇ.

(8) «Favorites» نى كىرگۈزسەك Internet Explorer دا تورغا چىقىپ ساقلىۋالغان تور بەت ئادرېسلىرىنىڭ تىزىملىكىنى كۆزنەكتە كۆرستىپ بېرىدۇ. بۇ كۆزنەكتە تۇرۇپ ئۆچۈرۈۋېتىشكىمۇ بولىدۇ.

(9) «Msconfig» نى كىرگۈزسەك سىستېما پارامېتىرلىرىنى سەپلەش پروگراممىسى قوزغىلىدۇ.

(10) «history» نى كىرگۈزسەك كۆرگەن تور بېكەت ئادرېسلىرىنىڭ ھەممىسى تىزىملىك شەكلىدە كۆرۈنىدۇ.

(11) «Fonts» نى كىرگۈزسەك Windows نىڭ خەت شەكىللىرى مۇندەرىجىسىگە كىرىمىز.

(12) «system»نى كىرگۈزسەك Windows ئاستىدىكى system مۇندەرىجىسىگە كىرىمىز.

(13) «Command» نى كىرگۈزسەك dos بۇيرۇق بېرىش ھالىتىگە كىرىمىز.

(14) «scandisk» نى كىرگۈزسەك Windows نىڭ دىسكا تەكشۈرۈش بۇيرۇقى ئىجرا بولىدۇ.

## قاتتىق دىسكا رايونىنى ۋە ئويېتىك دىسكا قوزغاتقۇچنى يوشۇرۇش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش

بىز ئەگەر قاتتىق دىسكىمىزدىكى مۇھىم ھۆججەت ۋە ماتېرىياللارنى قوغدىماقچى بولساق ،قاتتىق دىسكا يوشۇرۇش قويۇش ئۇسۇلىغا ئېھتىياجلىق بولىمىز ،ئەگەر باشقىلارنىڭ كومپيۇتېرىمىزدا ئويېتىك دىسكا ئارقىلىق يۇمشاق دىتال قاچىلاش ۋە ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئويناش قاتارلىق مەشغۇلاتلىرىدىن ساقلانماقچى بولساق ئويېتىك دىسكا قوزغاتقۇچنى يوشۇرۇش قويۇش ئۇسۇلىغا ئېھتىياجلىق بولىمىز! بۇنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

ئاۋۋال <كومپيۇتېرىم > نى چاشقاننىڭ ئوڭ كونۇپكىسى بىلەن چېكىپ ، <باشقۇرۇش 管理 >نى بېسىپ 计算机管理 ئاچىمىز ، ئاندىن كېيىن ئوڭ تەرەپتىكى مۇندەرىجىدىن 存储→磁盘管理 چېكىمىز ، ئۇ چاغدا ئوڭ تەرەپتىكى كۆزنەكتە كومپيۇتېرىمىزدىكى بارلىق قاتتىق دىسكا ۋە ئويېتىك دىسكا قوزغاتقۇچلار كۆرۈنىدۇ ! ئاندىن كېيىن يوشۇرماقچى بولغان قاتتىق دىسكىنى تاللاپ ، چاشقاننىڭ ئوڭ كونۇپكىسى بىلەن چېكىپ ، 更改驱动器名和路径بۇيرۇقنى باسىمىز ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېچىلغان كۆزنەكتىن 删除 باسىمىز ، ئاندىن كېيىن سىستېما ئاپتوماتىك ھالدا 删除卷的驱动器号可能会导致程序停止运行。确实要删除这个驱动器名吗 ؟ دىگەن تاللاش كۆزنىكى چىقىرىدۇ ، ئۇ كۆزنەكتىن 是 باسىمىز ، شۇنىڭ بىلەن مەقسىدىمىزگە يېتىمىز!

ئەگەر يوشۇرۇپ قويغان قاتتىق دىسكىمىزنى ئەسلىگە قايتۇرماقچى بولساق ، يەنە ئاۋۋال <كومپيۇتېرىم > نى چاشقاننىڭ ئوڭ كونۇپكىسى بىلەن چېكىپ ، <باشقۇرۇش 管理 > نى بېسىپ 计算机管理ئاچىمىز ، ئاندىن كېيىن ئوڭ تەرەپتىكى مۇندەرىجىدىن 存储→磁盘管理 چېكىمىز ،

ئۇ چاغدا ئوڭ تەرەپتىكى كۆزنەكتە كومپيۇتېرىمىزدىكى بارلىق قاتتىق دىسكا ۋە ئوپتىك دىسكا قوزغاتقۇچلار كۆرۈنىدۇ ! ئاندىن كېيىن ئەسلىگە قايتۇرماقچى بولغان قاتتىق دىسكىنى تاللاپ ، چاشقاننىڭ ئوڭ كونۇپكىسى بىلەن چېكىپ ، 更改驱动器名和路径بۇيرۇقنى باسىمىز ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېچىلغان كۆزنەكتىن 添加 باسىمىز ، ئاندىن كېيىن ئەسلىگە قايتۇرماقچى بولغان قاتتىق دىسكىنى تاللاپ 确定 باسىمىز ، شۇنىڭ بىلەن يوشۇرۇپ قويغان قاتتىق دىسكىمىز ئەسلىگە كېلىدۇ! ئوتتۇك دىسكا قوزغاتقۇچنى يوشۇرۇش قويۇش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەشغۇلاتىمۇ يۇقىرىدىكىسىگە ئوخشاش ! دىققەت : بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق سىستېما قاچىلانغان قاتتىق دىسكا رايونىنى يوشۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ!

## سىستېمىنىڭ بارلىق ئاۋاز ھۆججەتلىرىنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئاۋاز ھۆججىتىگە ئايلاندۇرۇش

سىستېمىنىڭ قوزغىلىش ، ئۆچۈش ۋە باشقا ئاۋاز ھۆججەتلىرىنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان ناخشا - مۇزىكىلارغا تەڭشىۋالغىلى بولىدۇ! سىستېمىنىڭ بارلىق ئاۋاز ھۆججەتلىرى ئادەتتە C:\WINDOWS\Mediaئىچىدە ساقلىنىدۇ! رەسىملىك كۆرۈنۈشى تۆۋەندىكىچە :




بۇ ئاۋاز ھۆججەتلىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن نامى. wav، مەشغۇلاتنى باشلاشتىن بۇرۇن C:\WINDOWS\Mediaبارلىق ھۆججەتلىرىنى Media دېگەن ھۆججەت ساندۇقى بويىچە باشقا دىسكا رايونىغا زاپاس ساقلاپ قويۇڭ !

ئاندىن كېيىن C:\WINDOWS\Media ئاۋاز ھۆججەتلىرىنى بىردىن - بىردىن ئاڭلاپ كۆرۈپ ،

قايسىسىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز ، ئاۋۋال شۇنىڭغا خاس ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان ئاۋاز ھۆججەتتىن بىرنى ياساپ ، ئىسمىنى ئەسلىدىكى ئاۋاز ھۆججىتى بىلەن ئوخشاش قىلىپ ، C:\WINDOWS\Mediaنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ ئەسلىدىكى ئاۋاز ھۆججىتىنىڭ ئۈستىگە دەسسىتىۋېتىڭ ، دىققەت قىلىڭكى : سىز يېڭى ياسىغان ئاۋاز ھۆججەتلىرىڭىزنىڭ كېڭەيتىلگەن نامى . wavبولسۇن . شۇنىڭ بىلەن مەقسىتىمىزگە يېتىمىز ! ئەلۋەتتە كونترول تاختىسى ئارقىلىقمۇ بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ !

开始 ---- 控制面板----声音和音频设备----声音和音频设备属性----声音程序事件----ئاندىن ئوخشاشلا ئۆزگەرتلمەكچى بولغان ئاۋاز ھۆججىتىنى تاللاپ 浏览 بېسىپ ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان ئاۋاز ھۆججىتىنى كۆرسىتىپ جەزملەشتۈرسەڭلا بولىدۇ!

رەسىملىك كۆرۈنۈشى تۆۋەندىكىچە :




قېنى سىناپ كۆرۈڭلار !

# كومپيۇتېر مەخپى نومۇر ئېچىش ئۇسۇللىرى

يوللىغۇچى:خوتەن

## قوزغىلىش مەخپى نومۇرى(开机密码)

ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ تەكشۈش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، قوزغىلىش مەخپى نومۇرى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى Setup مەخپى نومۇرى ( بۇ مەخپى نومۇرنى ئىشلەتكەندە كومپيۇتېر نورمال

قوزغىلىدۇ. پەقەت Bios قا كىرگەندە مەخپى نومۇر سورايدۇ)؛ يەنە بىرى System مەخپى نومۇرى ( بۇ مەخپى نومۇر كومپيۇتېر قوزغالغاندا ۋە Bios قا كىرگۈزگەندە ئاندىن قوزغىتىش ۋە تەڭشەشكە بولىدۇ. بۇ مەخپى نومۇرنى ئۇنتۇپ قالسىڭىز كومپيۇتېرىڭىزنى قوزغىتالمايسىز. تۆۋەندە مەن بۇ ئىككى خىل مەخپى نومۇرنى يېشىش ئۇسۇلنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەكچى:

(1) Setup مەخپى نومۇرى

ئەگەر سىزنىڭ سىستېمىڭىز نورمال قوزغىلىپ، پەقەت Bios قا كىرگەندە مەخپى نومۇر سورىسا ( بۇ Setupمەخپى نومۇرى) يەنى مەخپى نومۇرنى تاپالمىغان ئەھۋالدا تۆۋەندىكىدەك مەشغۇلات قىلسىڭىز بولىدۇ. كومپيۇتېرنى نورمال قوزغالغاندىن كېيىن سىز Dos ھالەتكە كىرىپ Debug بۇيرۇقنى كىرگۈزگەندىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك مەشغۇلات ئېلىپ بارسىڭىز بولىدۇ .

-o 70 16

-o 71 16

-q

يەنە بىرى سىز يۇقارقىدەك مەشغۇلاتنى ئېلىپ بارالمىسىڭىز تۆۋەندىكىدەك مەخسۇس يۇمشاق دېتالنى ئىشلەتسىڭىزمۇ بولىدۇhttp://biket.dns-dns.com/ambar/CmosPwd.

بۇ سىستېمىنى Dos ھالەتتە ئىجرا قىلسىڭىز Cmos نىڭ مەخپى نومۇرنى چىقىرىپ بېرىدۇ. ئىشلىتىش بەك قولايلىق.

(2 )System مەخپى نومۇرى

مەخپى نومۇرنى بىلمىسىڭىز كومپيۇتېرنى قوزغىتالمايسىز (بۇ System مەخپى نومۇرى) بۇنداق ئەھۋالدا يۇمشاق دېتال ئىشلىتىپمۇ مەخپى نومۇرنى ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سىز كومپيۇتېرنىڭ ساندۇقنى ئېچىپ، ئاساسى تاختىدىكى Cmos توكنى ( باتارىيە )ئېلىۋەتسىڭىز . Cmosنىڭ ئىچىدىكى بارلىق مەزمۇنلارنى يوقىتىپ، ئەسلىگە قايتۇرالايسىز. ئاندىن كومپيۇتېرنى نورمال قوزغىتىپ Cmos نى قايتىدىن تەڭشىسىڭىز بولىدۇ. يەنە بىرى ئاساسى تاختىدا Cmos تەڭشەش سىمى (跳线) بار، سىز (跳线) نى قىسقا يول (短接) قىلسىڭىزمۇ مەخپى نومۇر يوقايدۇ.(ئۇقالمىسىڭىز ئاساسى تاختىنىڭ چۈشەندۈرۈش قوللانمىسىغا قاراڭ)

## Windows مەخپى نومۇرى

(1) Windows نىڭ قوزغىلىش مەخپى نومۇرى

Win98نىڭ قوزغىلىش مەخپى نومۇرنى ئۇنتۇپ قالسىڭىزمۇ سىستېمىغا نورمال كىرەلەيسىز. پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ خۇسۇسى تەڭشەش (个人设置) ھالىتىگە كىرەلمەيسىز Win98. نىڭ مەخپى نومۇرنى يېشىش ئۇچۇن بىز Win98 نىڭ قاچىلاش مۇندەرىجىسىدىكى pwl.*

ۋە Profiles مۇندەرىجىسى ئاستىدىكى شەخسى ئۇچۇر (个人信息) نى ئۆچۈرۈۋېتىپ، قايتىدىن قوزغاتسىڭىز، قوزغالغاندىن كېيىن مۇقۇمداش كونۇپكىسنى باسسىڭىز ئەسلىدىكى مەخپى نومۇر يوقايدۇ. يەنە بىرى 注册表 ئىچىدىكىHKEY_LOCAL_MACHINE, NetWork, Logon نىڭ ئاستىدىكى UserProfiles نىڭ قىممىتىنى «0» قىلىپ قايتا قوزغاتسىڭىز ئوخشاش مەقسەتكە

پېتەلەيسىز.

(2) ئېكران قوغداش (屏幕保护)مەخپى نومۇرى

ئېكران قوغداش مەخپى نومۇرى بولسا بىزنىڭ كومپيۇتېرنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشتىكى، يەنى باشقىلارنىڭ سىزنىڭ كومپيۇتېرىڭىزدىن خالىغانچە پايدىلىنىپ كەتمەسلىكىدىكى بىر خىل ئۇسۇل، ئەگەردە باشقا مۇھىم تەكشۈش تەدبىرلىرى قوللانمىغان ئەھۋالدا ئېكران قوغداش مەخپى نومۇرى ناھايىتى ئاجىز. ئەگەردە مەخپى نومۇرنى ئۇنتۇپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا كومپيۇتېرنى قايتا قوزغىتىپ، كومپيۇتېر قوزغالغاندا مائۇسنى ئېكران يۈزىدىكى بوش يەرگە چېكىپ، خاسلىق (属性) نى چېكىپ، ئېكران خاسلىقىدىن ئېكران قوغداشنى تاللاپ، مەخپى نومۇرنى بىكار قىلىشنى باسسىڭىز مەخپى نومۇر يوقايدۇ. يەنە بىرى مەخسۇس ئېكران قوغداش مەخپى نومۇرنى بىكار قىلىش يۇمشاق دېتالى ئارقىلىق بىكار قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ.

(3) توك مەنبەسىنى باشقۇرۇش (电源管理) مەخپى نومۇرى

Win98نىڭ توك مەنبەسىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى قوللانغاندا، سىستېما توك ئاسراش ھالىتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە مەخپى نومۇر سورايدۇ. بۇ ئارقىلىق مەلۇم مىقداردا سىستېمىنى قوغداش ھالىتىگە يېتەلەيسىز. توك مەنبەسى باشقۇرۇش ۋە Win98 نىڭ قوزغالغاندا سورايدىغان مەخپى نومۇر ئوخشاش بولۇپ، بىز يۇقاردا سۆزلىگەن Win98 نىڭ مەخپى نومۇرنى يوقاتقانلىقتەك يوقاتساق بولىدۇ.

(4)压缩文件 نىڭ مەخپى نومۇرى

(1) Winzip نىڭ مەخپى نومۇرنى يېشىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەخسۇس يۇمشاق دېتالنى ئىشلىتىش ئارقىلىق يەشسەك بولىدۇ.

http://biket.dns-dns.com/ambar/WinKey

(2) Arjنىڭ مەخپى نومۇرنى يېشىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەخسۇس يۇمشاق دېتالنى ئىشلىتىش ئارقىلىق يەشسەك بولىدۇ.

http://biket.dns-dns.com/ambar/ArjKey

(3)Rarنىڭ مەخپى نومۇرنى يېشىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەخسۇس يۇمشاق دېتالنى ئىشلىتىش ئارقىلىق يەشسەك بولىدۇ.

http://biket.dns-dns.com/ambar/RarKey

## CMOSنىڭ مەخپى شىفرىنى يېشىش (ئېچىش)ئۇسۇللىرى

(1) DEBUG ئارقىلىق ئېچىش

1- خىل ئۇسۇل

DEBUG↙

-a

```
16A1:0100 mov al,10
16A1:0102 out 70,a1
16A1:0104 mov a1,11
16A1:0106 out 71, a1
16A1:0108 int3
16A1:0109
-g=100
-q
```

2-خىل ئۇسۇل

```
-O 70 16
-O 71 16
-Q
```

3-خىل  ئۇسۇل

```
-O 70 10
-O 71 FF
-Q
```

4-خىل ئۇسۇل

```
- O 70 11
-O 71 FF
-Q
```

5-خىل ئۇسۇل

```
-O 70 23
-O 71 34
-Q
```

6-خىل ئۇسۇل

```
-O 70 10
-O 71 10
-Q
```

7-خىل ئۇسۇل

```
-O 70 17
-O 71 17
-Q
```

8-خىل ئۇسۇل

```
-O 70 FF
```

O 70 17-

Q-

9-خىل ئۇسۇل

COPY بۇيرۇقى ئارقىلىق ئېچىش

COPY CON JM.COM

ئاندىن كىيىن ALT نى بېسىپ تۇرۇپ تۆۋەندىكى سانلارنى كىرگۈزىمىز

176,17,230,p,176,20,230,q,205

COPY CON JM.COM(10)

ئاندىن كىيىن ALT نى بېسىپ تۇرۇپ تۆۋەندىكى سانلارنى كىرگۈزىمىز

179,56,137,216,230,112,48,192,230,113,67,128,251,62,117,242,205,32

ئاندىن كىيىن هاسىل بولغان هۆججەتنى ئىجرا قىلىۋېتىپ كومپيۇتېرنى قايتا قوزغىتىپ DEL كونۇپكىسىنى بېسىپ CMOS قا كىرسەك بولىدۇ.

# 27خىل ئۇسۇل ئارقىلىق C دىسكىنى تېجەش

يوللىغۇچى :ئەلتوغ

بۇ ماقالىنى مەن بىلىك كۇلۇبىغا دەسلەپ ئەزا بولغاندا بىر دوستىمىزنىڭ ھەقسىز بوشلۇقى ئارقىلىق دوسلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇنغان ئىدۇق(بىلىك كۇلۇبى ئارقىلىق) لىكىن بۇ دوستىمىزنىڭ بوشلۇقى «ھەقسىز» بولغاچقا ئېچىلىش سۈرئىتى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئاستا بولۇش سەۋەبلىك دوسلارنىڭ كۆرۈپ پايدىلىنىشى چەكلىمىگە ئۇچراپ كەلگەن ئىدى،بۇ قېتىم مەن بۇ ماقالەنى بۇ يەرگە بىۋاستە كۆرۈندىغان قىلىپ يوللاپ قويدۇم.

27خىل ئۇسۇل ئارقىلىق C دىسكا بوشلۇقنى تېجەش

قەشقەركوناشەھەرناھىيە ئويپال ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئابدۇغوپۇر ئابدۇكېرىم

WindowsXPنىڭ ئىقتىدارىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ دىسكا ئىسراپچىلىقى بارغانچە چوڭىيىشقا باشلىدى.سىستېما قاچىلانغان دىسكا رايۇنىدىكى ئەخلەت ھۆججەتلەرنى پات-پات تازىلاپ تۇرمىغاندا سۈرئەت ئاستىلاپ كېتىش،ئوقۇش-يېزىش خاتالىقى كۆرۈلۈش،ئېچىكى ساقلىغۇچ يېتىشمەسلىك،دىسكا بوشلۇقى يېتىشمەسلىك... قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ نورمال مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشىمىزغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.تۆۋەندە مەن ئەخلەت ھۆججەتلەرنى تازىلاپ دىسكا بوشلۇقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنىڭ بىر قانچە خىل ئۇسۇلنى تونۇشتۇرماقچىمەن.

1."كومپيۇتېرىم" (我的电脑)نى ئېچىپ «قوراللار (工具)«تىزىملىكىدىكى «ھۆججەت قىسقۇچ تاللاش تۈرى (文件夹选项)دىن ھۆججەت ۋە ھۆججەت قىسقۇچنى كۆرسىتىش(显示所有文件和文件夹)دىگەن تۈرنىڭ ئالدىغا « √ »بەلگىسىنى قويۇپ مۇقۇملاشتۇرۇپ قايتىمىز.

ئاندىن تۆۋەندىكى ھۆججەت قىسقۇچ ئاستىدىكى ھۆججەتلەرنى ئۆچۈرۈۋېتىمىز.

x: \documents and Settings\ ئىشلەتكۈچى ئىسمى\Cookies ئاستىدىكى بارلىق ھۆججەتلەر(index ھۆججىتى ساقلاپ قېلىنىدۇ)

x: \documents and Settings\ ئىشلەتكۈچى ئىسمى\Local Settings\Temp ئاستىدىكى بارلىق ھۆججەتلەر

x: \documents and Settings\ ئىشلەتكۈچى ئىسمى \LocalSettings\TemporaryInternet Files ئاستىدىكى بارلىق ھۆججەتلەر

x: \ocuments and Settings\ ئىشلەتكۈچى ئىسمى\Local Settings\History ئاستىدىكى بارلىق ھۆججەتلەر

x: \ocuments and Settings\ ئىشلەتكۈچى ئىسمى\Recent ئاستىدىكى بارلىق ھۆججەتلەر

x: \WINDOWS\Temp ئاستىدىكى بارلىق ھۆججەتلەر

x: \WINDOWS\ServicePackFiles ئاستىدىكى بارلىق ھۆججەتلەر

2. x: \WINDOWS\Driver Cache\i386 ئاستىدىكى بارلىق ھۆججەتلەر

x:WINDOWS\SoftwareDistributiondownload ئاستىدىكى بارلىق ھۆججەتلەر

3.ئەگەر سىستېما windoes updade ئارقىلىق دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولسا x:windows\ $u... بىلەن باشلانغان بارلىق يوشۇرۇن خاسلىقتىكى ھۆججەتلەر

4.ئاندىن نۆۋەتتە ئىجرا بولۇۋاتقان بارلىق پىروگراممىلارنى ئىتتىپ «دىسكا رەتلەش پىروگراممىسى» ئارقىلىق دىسكىنى رەتلەش

5.دىسكا رەتلەش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەڭ ياخشىسى Ghost ئارقىلىق سىستېمىنى زاپاس ساقلىۋېلىش، بولمىغاندا باشلىنىش←«پىروگراما»←«قوشۇمچە ئەزا»←«سىستېما قوراللىرى»←«سىستېمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش»بۇيرۇقى ئارقىلىق بىر ئەسلىگە كەلتۈرۈش نوقتىسى قۇرۇش كىرەك.

6.كومپيۇتېرىم (我的电脑) نى ئېچىپ سىستېما دىسكىسى ئۈستىدە مائۇس ئوڭ كونۇپكىسىنى بېسىپ، «خاسلىق»نى تاللاپ،ئاندىن«دىسكىنى تازىلاش»تۈرى ئېچىدىن«باشقا تۈرلەر»نى تاللاپ سىستېمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش رامكىسىدىن «تازىلاش»تىن «ھەئە»نى باسىمىز.

7.ھەر خىل قاتتىق ماتېرىياللارنى تونۇتۇش يۇمشاق ماتېرىياللىرىنى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن ئادەتتە XP يېڭىلاش ھۆججەتلىرىنى ئاتچە ئىشلەتمەيدۇ.شۇڭا» ئىجرا قىلىش«(运行)رامكىسىغا تۆۋەندىكى بۇيرۇقنى بېرىپ بۇ پىروگراممىلارنىڭ زاپاس نۇسخىسىنى ئۆچۈرۈۋەتسەك بولىدۇ. sfc.exe /purgecache

8. windows\system32\dllcache ئاستىدىكى بارلىق dll ھۆججەتلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتسەك.بۇ ئارقىلىق 200-MB300 ئورۇننى تىجەپ قالالايمىز.

9.XP ئادەتتە قاتتىق ماتېرىياللارنىڭ قوزغىتىش پىروگراممىلىرىنى زاپاس ساقلىۋالىدۇ.قوزغىتىش پىروگراممىلىرى توغرا قاچىلانغان بولسىلا ئادەتتە قاتتىق ماتېرىياللارنى كۆپ ئۆزگەرتمەيمىز،شۇڭا windows مۇندەرىجىسى ئاستىدىكى drivercache ئاستىدىكى i386 مۇندەرىجىسنى ياكى مۇشۇ مۇندەرىجە ئاستىدىكى ئىسمى driver.cab بولغان ھۆججەتنى ئۆچۈرۈۋەتسەك 80 MB

ئەتراپىدا بوشلۇق تېجەپ قالالايمىز.

10.لازىم قىلمايدىغان كىرگۈزۈش ئۇسۇللىرىنى ئۆچۈرۈتىش كېرەك.يەنى windows مۇندەرىجىسى ئاستىدىكى ime مۇندەرىجىسى ئاستىدىكى IMJP8_1 ياپونچە ، IMKR6_1 كورىيانچە قاتارلىقلار.بۇ ھۆججەتنى ئۆچۈرۈۋەتسەك 8 MB ئەتراپىدا بوشلۇق تېجەپ قالالايمىز.

11.دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەشغۇلاتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن windows مۇندەرىجىسى ئاستىدا $NtUninstallQ311889$ ئىسمىدىكى مۇندەرىجىلەر پەيدا بولۇپ قالىدۇ،شۇڭا بۇ مۇندەرىجىلەرنى ئۆچۈرۈتىش كېرەك.

12.ئۇنىڭدىن باشقا windows مۇندەرىجىسى ئاستىدىكى help مۇندەرىجىسى ئاستىدىكى ھۆججەتلەرنىمۇ ئۆچۈرۈتىش كېرەك.

13. WINDOWS\Downloaded Installations ئاستىدىكى ھۆججەتلەرنى ئۆچۈرۈتىش كېرەك.

14.كومپيۇتېرىم (我的电脑)«سىنبەلگىسى ئۈستىدە مائۇسنى ئوڭ چېكىپ ،سىستېما خاسلىقى رامكىسىدىن «سىستېمىنى ئەسلگە قايتۇرۇش»دىگەن تۈردىكى«在所有驱动器上关闭系统还原» دىگەن تۈرنى تاللاپ بارلىق قوزغاتقۇچلاردىكى ئەسلگە كەلتۈرۈش ئۇقتىدارىنى ئىتتۈتىش كېرەك.

15.ئۇخلاش «(休眠)ھالىتى 200-MB300ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.شۇڭا بۇئىقتىدارنى چەكلىۋېتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن «كونترول سۇپىسى»نى ئىچىپ «توك مەنبە تاللاش تۈرى»دىن «ئۇخلاش» تۈرىنى تاللاپ، بۇنىڭدىكى «ئۇخلاش ھالىتىنى قوزغىتىش«(启用休眠)نىڭ ئالدىدىكى «√»بەلگىسىنى ئىلىۋېتىمىز.

16.ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلمەيدىغان تەركىپلەرنى(组件) ئۆچۈرۈتىش كېرەك.«خاتىرە دەپتەر»ئارقىلىق windows مۇندەرىجىسى ئاستىدىكى inf ئاستىدىكى sysoc.inf ھۆججىتىنى ئىچىپ ئىزدەش ۋە ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ hide دىگەن خەتنىڭ ھەممىسىنى بوشلۇق ھەرپكە ئالماشتۇرۇپ ساقلاپ چېكىنىپ «كونترول تاختىسى»غا كىرىپ «پىروگرامما قوشۇش ۋە ئۆچۈرۈش» نى ئىچىپ قارايدىغان بولساق بەزى يوشۇرۇن خاسلىقتىكى پىروگراممىلار كۆرۈنىدۇ.مەسلەن:ئىنتېرنىت مۇلازىمىتى،تېلېگىراممىا مۇلازىمىتى(传真服务)، Windows messengerقاتارلىقلار بولۇپ تەخمىنەن MB50 لىق بوشلۇقنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

17.سىستېما ۋاقىتلىق ھۆججەتلىرىنى ئۆچۈرۈتىش Windows. مۇندەرىجىسى ئاستىدىكى temp مۇندەرىجىسى ئاستىدىكى بارلىق ھۆججەتلەرنى ئۆچۈرۈتىش كېرەك.

18. Internet ۋاقىتلىق ھۆججەتلىرىنى ئۆچۈرۈتىش كېرەك.يەنى ئىنتېرنىت كۆز يۈگۈرتكۈچىسىنى ئىچىپ «قورال»تىزىملىكىدىن Internet تاللانما تۈردىن دائىمىي دىگەن تۈرنى تاللاپ بۇنىڭدىكى Internet ۋاقىتلىق ھۆججەتتىدىكى ھۆججەتنى ئۆچۈرۈش دىگەن تۈرنى چېكىمىز.

19.ئالدىن ئوقۇش ھۆججىتىنى تازىلىۋېتىش كېرەكWindows XP. نىڭ ئالدىن ئوقۇشنى لايىھەلىشى گەرچە سىستېمىنىڭ تىزلىگىنى ئاشۇرسىمۇ ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئالدىن

ئوقۇش ھۆججەت قىسقۇچىدىكى ھۆججەتلەر بارغانسىرى چوڭىيىپ كېتىدۇ.ھەمدە سىستېمىنىڭ ئىزدەش،ئۇلىنىش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىۋېتىپ مەشغۇلاتقا ئاۋارىچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ.بۇ ھۆججەت Windows مۇندەرىجىسى ئاستىدىكى Prefetch مۇندەرىجىسى ئاستىدا بولۇپ ،بۇ ھۆججەتنى ئۆچۈرۋېتىش كېرەك.

20.ئەگەر سىستېما قاچىلانغان دېسكا رايونىNTFS شەكلىدە فورماتلانغان بولسا،سىستېما دېسكىسى ئۈستىدە مائۇس ئوڭ كونۇپكىسىنى چېكىپ بۆلىكىدىن «خاسلىق»نى تاللاپ بۆلىكىدىكى«دائىمي» كاتىسىدىكى «دېسكىنى پىرىسلاپ دېسكا بوشلۇقىنى تېجەش»نى تاللاپ «مۇقۇملاشتۇرۇش» كونۇپكىسىنى چېكىپ دېسكىنى پىرىسلاش كېرەك.بۇنداق بولغاندا 20% دېسكا بوشلۇقى تېجىلىدۇ.

21.ئىجرا قىلىش»كۆزنىكىگە«regedit» نى كىرگۈزۈپ تىزىملاش جەدۋىلىنى ئېچىپ HKEY_LOCAL_MACHINESOFTWARE MicrosoftWindowsNTCurrentVersionAeDebugنى ئېچىپ ئوڭ تەرەپتىكىAuto دىگەن تۈرنى قوش چېكىپ ئېچىپ ئۇنىڭ قىممىتىنى 0گە ئۆزگەرتىپ ئەڭ ئاخىرىداF5 كونۇپكىسىنى بېسىپ چوتكىلىۋەتسەكلا سىستېما دوختۇرى Dr.Watson ئىجرا بولۇشتىن توختايدۇ.ھەمدە نەچچە ئون مېگابايت ئورۇن تېجىلىپ قالىدۇ.

22. كومپيۇتېرىم سىنبەلگىسىنى مائۇس ئوڭ كونۇپكىسى بىلەن چېكىپ «خاسلىق »رامكىسى ئېچىلغاندىن كېيىن بۆلىكىدىن«远程桌面» نى تاللاپ بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئىشلەتكۈچى كومپيۇتېرغا يىراق مۇساپىلىق ئۇلىنىش« (允许用户远程连接到这台计算机)نىڭ ئالدىدىكى «√»بەلگىسىنى ئېلىۋېتىمىز.

23.خاتالىقنى دوكلات قىلىش ئىقتىدارىنى ئېتىۋېتىش كېرەك.چۈنكى ئادەتتىكى ئىشلەتكۈچىلەر ئۈچۈن بۇ ئىقتىدارنىڭ ئەھمىيىتى يوق.بۇنىڭ ئۈچۈن «كومپيۇتېرىم» سىنبەلگىسىنى مائۇس ئوڭ كونۇپكىسى بىلەن چېكىپ «خاسلىق »رامكىسى ئېچىلغاندىن كېيىن بۆلىكىدىن«يۇقىرى دەرىجە (高级)»نى تاللاپ،بۇ تۈر ئىچىدىن خاتالىقنى دوكلات قىلىش(错误报告)نى چېكىپ بۇ تۈر ئىچىدىكى «خاتالىقنى دوكلات قىلىشنى چەكلەش»دىگەن تۈرنى تاللاپ مۇقۇملاشتۇرۇپ قايتىمىز.

24.ئىشلەتمەيدىغان ئۈسكۈنىلەرنى ئېتىۋېتىش كېرەك.يەنى كومپيۇتېرىم سىنبەلگىسىنى مائۇس ئوڭ كونۇپكىسى بىلەن چېكىپ «خاسلىق »رامكىسى ئېچىلغاندىن كېيىن بۆلىكىدىن«قاتتىق ماتېرىيال»نى تاللاپ بۆلىكىدىكى«ئۈسكۈنە باشقۇرغۇچ» تۈرىنى ئېچىپ،نۆۋەتتە لازىم قىلمايدىغان ئۈسكۈنىلەر مەسىلەن: مودېم،PCكارتىسى،ئېنفىرا قىزىل نۇر ئۈسكۈنىسى،پىرىنتېر ئۇلاش ئېغىزى...قاتارلىقلارنى چەكلىۋېتىش كېرەك.(ئەلۋەتتە لازىم بولغان چاغدا قوزغىتىپ قويساق بولىدۇ)

25.لازىم قىلمايدىغان پىروگراممىلارنى ئۆچۈرۋېتىش كېرەك.

26.مەۋھۇم ئىچكى ساقلىغۇچ ھۆججىتى(pagefile.sys) نى باشقا دېسكا رايونىغا يۆتكىۋېتىش كېرەك.

27.ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان يۇمشاق ماتېرىياللارنى باشقا دېسكا رايونىغا قاچىلاش كېرەك.

ئەسكەرتىش: بەزى قوش چېكىتلەر چىراي ئىپادىلىرىگە ئايلىنىپ چىقىپ قاپتۇ،تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى سورايمەن،چىراي ئىپادىلىرى كۆرۈنگەن يەر قوش چېكىتنى ئىپادىلەيدۇ.

# كومپيۇتېرنىڭ قوزغىلىشىنى تېزلىتىش

يوللىغۇچى: بىلىك

Windowsنى دەسلەپتە قاچىلىغاندىن كېيىنكى ھەر خىل يۇمشاق دېتاللارنىڭ قوشۇلۇشىغا ئەگىشىپ، كومپيۇتېرنىڭ قوزغىلىش سۈرئىتىمۇ ماس ئاستىلاپ ماڭىدۇ. ئاستىلىغىدىن بەزىدە سىستېمىنى قايتا قاچىلاشقا مەجبۇر بولىمىز. ئۇنداقتا زادى نېمە سەۋەبتىن كومپيۇتېرنىڭ قوزغىلىش سۈرئىتى ئاستىلاپ كېتىدۇ؟تۆۋەندىكى كۆرسەتمە بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ سىناپ بېقىڭ:

## XPنىڭ ئالدىن ھۆججەت ئوقۇۋېلىشىنى ئەلالاشتۇرۇش

ئالدىن ئوقۇۋېلىش XP دىكى يېڭى ئىقتىدار بولۇپ، سىستېما ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سىستېمىنىڭ قوزغىلىش سۈرئىتى ۋە ھۆججەت ئوقۇش سۈرئىتىنى تېزلەشتۈرىدۇ. ھەر قېتىم مەلۇم بىر پروگراممىنى قوزغاتقاندا %SystemRoot%\Windows\Prefetchدېگەن مۇندەرىجە ئاستىغا خاتىرلىۋالىدۇ. كېيىنكى قېتىم سىستېما قوزغالغاندا ياكى مەلۇم پروگراممىا ئىجرا بولغاندا ئىلگىرى خاتىرلىۋالغان ھۆججەتلەرنى ئىچكى ساقلىغۇچقا ئوقۇۋالىدۇ.

Prefetchمۇندەرىجىسى ئاستىدىكى كېڭەيتىلگەن نامى PF بولغان ھۆججەتلەر يۇقۇرىدا دېيىلگەن ئالدىن ئوقۇۋېلىنغان ھۆججەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىچىلغان ھۆججەتنىڭ تەپسىلى خاتىرىسى ۋە ئېچىلىش تەرتىۋى قاتارلىقلار ساقلىنىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن نۇرغۇن ھۆججەتلەر شەكىللىنىدۇ ۋە بىر قىسىم خاتا ئۇچۇرلارمۇ مۇشۇ ھۆججەت ئىچىدە خاتىرىلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىستېمىنىڭ ئىزدەش يۈكىنى ئاشۇرۇپ، قوزغىلىش سۈرئىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

### ئالدىن ئوقۇش قائىدىسىنى قايتا بەلگىلەش

باشلاش <-ئىجرا رامكىسىغا regedit نى كىرگۈزۈپ تىزىملاش جەدۋىلى تەھرىرلىگۈچنى قوزغىتىمىز ھەم تۆۋەندىكى ئورۇنغا بارىمىز:

[HKEY_LOCAL_MACHINE\SYSTEM\CurrentControlSet\Control\SessionManager\Memory Management\PrefetchParameters]

ئوڭ تەرەپتىكى كۆزنەكتە EnablePrefetcher دېگەن تۈر بولۇپ، ئۇنىڭ DWORD قىممىتى 4 خىل قىممەت ئالالايدۇ، ئۇلارنىڭ رولى تۆۋەندىكىچە:

0، ئالدىن ئوقۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش

1، پەقەت قوللىنىشچان پروگراممىلا ئالدىن ئوقۇش

2، پەقەت سىستېما قوزغىلىش ھۆججەتتىنلا ئالدىن ئوقۇش

3، سىستېما قوزغىلىش ھۆججىتى ۋە قوللىنىشچان پروگراممىنى تەڭ ئالدىن ئوقۇش. بۇ Windows نىڭ بەلگىلىگەن قىممىتى.

ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، EnablePrefetcherنىڭ قىممىتىنى 2 قىلىپ بەلگىلەش ياخشى.

**ئالدىن ئوقۇۋالغان ھۆججەتلەرنى قەرەللىك تازىلاپ تۇرۇش**

ئەگەر خاتالىق ئۇچۇرى پەيزىلغان PF ھۆججىتى كۆپىيىپ كەتسە، ئۇنداق ھۆججەتلەرنى بىز ئۆزىمىز ئۆچۈرۈۋەتسەكمۇ بولىدۇ. ئۇسۇلى:خاتىرە دەپتەرنى قوزغىتىپ تۆۋەندىكىلەرنى كىرگۈزۈمىز:

```
del %SystemRoot%\Windows\Prefetch\*.* /q
```

ئاندىن بۇنىڭ كېڭەيتىلگەن نامىنى bat قىلىپ ساقلايمىز. سىستېمىنىڭ قوزغىلىش سۈرئىتى ئاستىلاپ كەتكەندە مۇشۇ bat ھۆججىتىنى ئىجرا قىلىپ، كومپيۇتېرنى قايتا قوزغاتساق سۈرئىتى تېزلىشىدۇ.

***كىچىك مەخپىيەتلىك:***

كومپيۇتېرىم نىڭ ئۈستىدە مائۇس ئوڭ كونۇپكىسىنى بېسىپ چىققان تىزىملىكتىن خاسلىق نى تاللايمىز... ئاندىن ئالىي دەرىجە نى چېكىمىز ...قوزغىتىش ۋە كاشىلىنى ئوڭشاش نىڭ ئاستىدىكى بەلگىلەش نى چېكىمىز... ئېچىلغان كۆزنەكتىن تەھرىرلەش دېگەن كونۇپكىنى چەكسەك boot.ini دېگەن سىستېما قوزغىلىش ھۆججىتى ئېچىلىدۇ. ئىچىدىكى fastdetect/ نىڭ كەينىگە بوش ئورۇن قويۇپ SOS/ نى كىرگۈزسەك سىستېما قوزغالغان ۋاقىتتىكى قارشى ئېلىش رەسمى يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئالدىن ئوقۇۋالغان ھۆججەتلەر، سىستېما سەپلىمىسى، نەشر ئۇچۇرى، قاتتىق دىسكا رايۇن ئۇچۇرى قاتارلىقلار چىقىدۇ.

## دىسكا ئۇۋاقلىرىنى رەتلەش

Windows XPدا ھاسىل بولىدىغان دىسكا ئۇۋاقلىرى Windows 9x دىن خېلى ئازايغان بولسىمۇ، مەيلى FAT32 بولسۇن ياكى NTFS بولسۇن يەنىلا ئۇۋاقلار مەۋجۇت. بولۇپمۇ سىستېما رايۇنىدىكى دىسكا ئۇۋاقلىرى قوزغىلىش سۈرئىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇۋاق رايۇنغا جايلاشقان ھۆججەتلەرنىڭ ئوقۇلىشى سىستېمىنىڭ سۈرئىتىگە زور تەسىر يەتكۈزىدۇ . ئەمەلىيەتتە، سىستېمىنى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن، قاتتىق دىسكا رايۇنغا تولۇق بىر قېتىملىق دىسكا ئۇۋاقچىلىرىنى رەتلەش ئېلىپ بېرىش كېرەك ئىدى Windows XP .ئۈچ كۈندە بىر قېتىم قىسمەن رايۇنلۇق دىسكا ئۇۋاقچىلىرىنى رەتلەش ئېلىپ بارىدۇ ھەم شۇ كۈندىكى ئىشلىتىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن ھۆججەتلەرنىڭ دىسكىدىكى فىزىكىلىق ساقلىنىش ئورنىنى تەڭشەپ يۆتكەيدۇ ھەم شۇ ھۆججەتلەرنىڭ تىزىملىكىنى

```
%SystemRoot%\Windows\Prefetch\Layout.ini
```

ھۆججىتىگە خاتىرلەپ قويىدۇ.

**دىسكا ئۇۋاقلىرىنى ئۆزى رەتلەش**

باشلاش..بارلىق پروگراما..قوشۇمچە..سىستېما قوراللىرى دىكى دىسكا ئۇۋاقلىرىنى رەتلەش پروگراممىسى نى قوزغىتىمىز. مەلۇم قاتتىق دىسكا رايۇننى تاللاپ تەھلىل دېگەن كونۇپكىنى باسساق، شۇ رايۇننىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى، دىسكا ئۇۋاقلىرىنىڭ ئىگەللىگەن پىرسەنتى، رەتلەش كېرەكمۇ-يوق؟..قاتارلىقلارنى چىقىرىپ بېرىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن رەتلەش ئېلىپ بارساق بولىدۇ.

Cدىسكىغا رەتلەش ئېلىپ بارغاندا، C:\Windows\Prefetch\WMIPRVSE.EXE-28F301A9.pf ھۆججىتى بۇزۇلغان، دېگەندەك كۆرسەتمە چىقىپ، رەتلەش ئېلىپ بارالمىسا، ئاشۇ مۇندەرىجە

ئاستىدىكى بارلىق ھۆججەتلەرنى ئۆچۈرۈۋېتىپ رەتلەش ئېلىپ بارساق بولىدۇ.

**سىستېما قوزغالغاندا ئاپتوماتىك رەتلەش**

سىستېما قوزغالغاندا زۆرۈر بولۇدىغان ھۆججەتلەرنى رەتلەيدىغان قىلىپ تەڭشىسەك، سىستېمىنىڭ كېيىنكى قېتىملىق قوزغىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ. بۇ ئىقتىدار ئادەتتە ئېتىك بولۇپ، تۆۋەندىكى ئۇسۇل ئارقىلىق ئاچساق بولىدۇ:

باشلاش -> ئىجرا رامكىسىغا regedit نى كىرگۈزۈپ تىزىملاش جەدۋىلى تەھرىرلىگۈچنى قوزغىتىمىز ھەم تۆۋەندىكى ئورۇنغا بارىمىز:

HKEY_LOCAL_MACHINE\SOFTWARE\Microsoft\Dfrg\BootOptimizeFunction

ئوڭ تەرەپتىكى كۆزنەكتە Enable دېگەن تۈر بولۇپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى Y قىلىپ بەلگىلەيمىز.]

**3كۈندە بىر قېتىم رەتلەشنى توختىتىش**

Prefetchمۇندەرىجىسى ئاستىدىكى ھەممە ھۆججەتنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، كومپيۇتېرنى قايتا قوزغاتساق Layout.iniھۆججىتى قايتا قۇرۇلۇپ، 3 كۈندە بىر قېتىم رەتلەيدىغان ھۆججەتلەر تىزىملىكى قايتا پەيدا بولىۋالىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن Layout.ini ھۆججىتىنى خاتىرە بىلەن ئېچىپ، ئىچىدىكى بارلىق مەزمۇننى ئۆچۈرۈۋېتىپ ساقلىۋالىمىز، ئاندىن ئۇ ھۆججەتنىڭ خاسلىغىنى ئېچىپ پەقەت ئوقۇغىلى بولىدىغان قىلىپ بەلگىلەپ قويساق بولىدۇ.

## ئىشلىمەيدىغان دېتاللارنى تەكشۈرۈشنى توختىتىش

كومپيۇتېرغا سەپلەنمىگەن ياكى ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلىدىغان قاتتىق دېتاللارنى تەكشۈرمەيدىغان قىلىپ بەلگىلىسەكمۇ سىستېمىنىڭ قوزغىلىش سۈرئىتىگە پايدىسى بولىدۇ.

**BIOSدىن تەڭشەش**

BIOSقا كىرىپ يۇمشاق دىسكا قوزغاتقۇچنى Disable قىلىپ بەلگىلىسەك ئۇنى تەكشۈرۈپ يۈرمەيدۇ. يەنە IDE دېتاللىرىنىڭ يوقلىرىنىمۇ None قىلىپ بەلگىلىسەك تەكشۈرۈش ۋاقتى قىسقىرايدۇ. سىستېما قوزغىلىدىغان تۈرنى قاتتىق دىسكا قىلىپ بەلگىسەكمۇ تەكشۈرۈش ۋاقتى قىسقىرايدۇ.

**قاتتىق دېتال باشقۇرغۇچ دىن تەڭشەش**

كومپيۇتېرىم نىڭ ئۈستىدە مائۇس ئوڭ كونۇپكىسىنى بېسىپ خاسلىق قا كىرىمىز... قاتتىق دېتال... قاتتىق دېتال باشقۇرغۇچ نى چېكىمىز IDE ATA/ATAPI .نى قوش چېكىمىز. ئاساسى IDE يولى نىڭ خاسلىغىدىن ئالاھىدە تەڭشەش گە كىرىمىز. ئۈسكۈنە 1 دىكى ئۈسكۈنە تىپىنى يوق 无 قىلىپ بەلگىلەيمىز، مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە قوشۇمچە IDE يولى نىڭ خاسلىغىنى بەلگىلەيمىز.

**قاتتىق دېتال بەلگىلەش ھۆججىتى**

قاتتىق دېتاللارنى يەڭگۈشلەش جەريانىدا ئىلگىرىكى قاتتىق دېتاللارنىڭمۇ تىزىملاش ئۇچۇرى ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇلار ئەخلەت ئۇچۇر بولۇپ سىستېمىنىڭ قوزغىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. تۆۋەندىكى ئۇسۇل بويىچە بۇلارنى تازىلاشقا بولىدۇ:

كومپيۇتېرىم نىڭ ئۈستىدە مائۇس ئوڭ كونۇپكىسىنى بېسىپ خاسلىق قا كىرىمىز... قاتتىق دېتال...

قاتتىق دىتال بەلگىلەش ھۆججىتى نى چىكىمىز. ئۇنىڭدا ئادەتتە Profile 1 (当前) دىگەن نامدا بولىدۇ، كۆچۈرۈش كونۇپكىسىنى باساق ئۇنى Profile 2 دىگەن نامدا زاپاسلاپ ساقلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى Profile 1 ھۆججىتىنىڭ ئىسمىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋەتكەندىن كىيىن كومپيۇتېرنى قوزغاتساق يىڭى Profile ھۆججىتى شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى None of the aboveبولۇپ، مۇشۇنى تاللاپ ئىشلەتسەك قاتتىق دىتال ئۇچۇرلىرىنى قايتا قاچىلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى ساقلىنىپ قالغان قاتتىق دىتال ئۇچۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان، پەقەت نۆۋەتتىكى قاتتىق دىتال ئۇچۇرلىرىلا ساقلانغان ھۆججەت شەكىللىنىدۇ. گەرچە بۇ ئاۋارىچىلىق بولسىمۇ سىستېمىنىڭ نورمال يۈرۈشى ئۈچۈن پايدىلىق.

***كىچىك ماھارەت:***

ئەگەر كومپيۇتېرىڭىزدا قاتتىق دىتال بەلگىلەش ھۆججىتى كۆپ بولماي بىرسىلا بولسا، Windows قوزغالغان ۋاقىتتىكى ساقلاش ۋاقتىنى 0 سېكۇنت قىلىپ بەلگىلەپ قويساق بولىدۇ.

## ئاپتوماتىك قوزغىلىدىغان ھۆججەتلەرنى رەتلەش

سىستېما قوزغالغاندىن كىيىن ئېكران ئاستى تەرەپتىكى ۋەزىپە ستونىغا ئورۇنلىشىۋالغان بىر مۇنچە سىنبەلگىلەرنى كۆرىمىز. بۇلار سىستېما قوزغالغاندا ئاپتوماتىك بىللە قوزغىلىۋالىدىغان پروگراممىلار بولۇپ، بۇلارمۇ سىستېمىنىڭ قوزغىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان، سىستېمىنى خورىتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى. شۇڭا بۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۆرۈر بولمىغانلارنىڭ سانىنى ئازايتىش كىرەك.

**قوزغاش گورۇپپىسى**

باشلاش..بارلىق پروگراممىلار..قوزغاش دىگەن تۈر ئىچىدىكى بارلىق تۈرنى ئۆچۈرىۋەتسەك بولىدۇ، بۇلار سىستېمىغا قىلچە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

**سىستېما سەپلەش ھۆججىتى**

باشلاش -> ئىجرا رامكىسىغا msconfig نى كىرگۈزۈپ سىستېما سەپلەش پروگراممىسىنى قوزغىتىمىز ھەم تۆۋەندىكىدەك تەڭشەش ئېلىپ بارىمىز:

2.ئاپتوماتىك قوزغىلىشنى چەكلەش

قوزغاش دىگەن تۈرنى باساق، سىستېما بىلەن بىللە قوزغىلىدىغان پروگراممىلارنىڭ تىزىملىكى چىقىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىن كۆزىمىزگە سىغمىغانلىرىنى چىقىرىۋەتسەك بولىدۇ.

2.مۇلازىمەتلەرنى چەكلەش

مۇلازىمەت دىگەن تۈرنى باساق، سىستېما بىلەن بىللە قوزغىلىدىغان ھەر خىل مۇلازىمەتلەر چىقىدۇ، تۈرى بەك كۆپ بولۇپ بىز كونكرىت بىلىپ كىتەلمەيمىز. شۇڭا 隐藏所有 Microsoft 服务 دىگەن تاللانمىنى چىكىپ قويساق، Microsoftمۇلازىمىتىدىن باشقا مۇلازىمەتلەر تاللىنىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىنمۇ كۆزىمىزگە سىغمىغانلىرىنى چىقىرىۋەتسەك بولىدۇ، بۇنىڭ سىستېمىغا تەسىرى بولمايدۇ.

3.تىزىملاش جەدۋىلىنى تازىلاش

يۇقۇرقى مەشغۇلات بىلەن بىر قىسىم پروگرامىلارنى چەكلىگىلى بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىملىرىنى پەقەت تىزىملاش جەدۋىلىدىنلا چەكلىگىلى بولىدۇ، ئۇسۇلى:

```
HKEY_LOCAL_MACHINE\SOFTWARE\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Run
HKEY_LOCAL_MACHINE\SOFTWARE\Microsoft\Windows\CurrentVersion\RunOnce
HKEY_CURRENT_USER\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Run
HKEY_CURRENT_USER\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\RunOnce
```

تىزىملاش جەدۋىلىدىن يۇقۇرقى تۈرلەرنى تېپىپ، ئىچىدىكى كېرىكى بولمىغان پروگراممىلارنى تىزىملىكتىن چىقىرۋەتسەك بولىدۇ.

__دىققەت:__ بىخەتەرلىك ئۈچۈن يۇقۇردىكى تىزىملاش جەدۋەللىرىنى زاپاسلىۋېلىڭ.

## ئېلان پروگراممىلىرىنى توسۇش

بىر قىسىم ھەقلىق يۇمشاق دېتاللارنى سىناق نۇسخىسىنى قاچىلىغاندا، ئۇلاردىكى بىر قىسىم ئېلان خاراكتېرىدىكى كىچىك پروگراممىلار بىللە قاچىلىنىۋالىدۇ. بۇلارمۇ سىستېمىنىڭ يۈكىنى ئاشۇرۇۋېتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى .تۆۋەندىكى يۇمشاق دېتاللار ھەقسىز بولۇپ، ئۇلار ئارقىلىق ئاشۇنداق پروگراممىلارنى تازىلىغىلى ھەم چەكلىگىلى بولىدۇ.

1. Microsoft Windows Defencer

Microsoftشىركىتى ئىشلىگەن جاسۇسلۇققا قارشى يۇمشاق دېتال بولۇپ، كومپيۇتېردىكى جاسۇسلۇق ۋە ئېلان يۇمشاق دېتاللىرى تەكشۈرۈپ تازىلىيالايدۇ. مەشغۇلات سىستېمىسى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالمايدۇ.(دىققەت: ئەگەر سىز ئىشلىتىۋاتقان Windows XP ئەسلى نۇسخا بولمىسا، بۇ يۇمشاق دېتالنى ئىشلىتەلمەيسىز)

چۈشۈرۈش ئادرېسى:http://down.bilik.cn/software.asp?id=163

2. Ad-Aware

Ad-Awareئېلان يۇمشاق دېتاللىرىنى تازىلاشتىكى داڭلىق يۇمشاق دېتال بولۇپ، ھەر خىل تۈردىكى ئېلان يۇمشاق دېتاللىرىنى ئىزدەپ تاپالايدۇ ھەم تازىلىيالايدۇ. ئىزدەش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز.چۈشۈرۈش ئادرېسى:http://down.bilik.cn/software.asp?id=164

3. SpyBot Search & Destroy

ئىسمىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ يۇمشاق دېتال مەخسۇس جاسۇسلۇق قوراللىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. نۆۋەتتە ئۇ 10 مىڭ خىلدىن ئارتۇق جاسۇسلۇق قوراللىرىنى بىر تەرەپ قىلالايدىكەن. ئۇنىڭ يەنە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى بار بولۇپ، ۋىرۇس يۇمشاق دېتاللىرىغا ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە باپ كېلىدۇ. يەنە بىر خۇشاللىنارلىق ئىش شۇكى، بۇ يۇمشاق دېتالنى مۇلازىمېتىرلاردىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.چۈشۈرۈش ئادرېسى:http://down.bilik.cn/software.asp?id=165

### باشقا ئۇسۇللار

يۇقۇرقى ئۇسۇللاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم يوشۇرۇن ئورۇنلار بار بولۇپ، بۇلار ئادەتتە كۆزگە چېلىقمايدۇ، لېكىن تەكشۈرۈپ بارسا ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ.

**تور قوزغاتقۇچنى ئۈزۈۋېتىش**

بۇنى ئادەتتە كۆپ ئىشلەتمەيمىز، شۇڭا بۇنى توختىتىۋەتسەك سىستېما قوزغىلىشىغا پايدىسى بولىدۇ .

ئۇسۇلى:مېنىڭ كومپيۇتېرىمنى ئاچىمىز... قورال تىزىملىكىدىن 断开网络驱动器 نى تاللايمىز. چىققان كۆزنەكتىن لازىمى يوق تۈرنى تاللاپ مۇقىملاشتۇرساق بولىدۇ.

**ھۆججەت ۋە پرىنتېردىن ئورتاق پايدىلىنىشنى چەكلەش**

ئەگەر كومپيۇتېرىڭىز قىسمەن تور ئىچىدە بولمىسا، بۇ تۈرنى چەكلىۋەتسىڭىز بولىدۇ. ئۇسۇلى: تىزگىن تاختا...تور ئۇلىنىشى... دىكى تور ئۇلانمىسىنىڭ خاسلىقىنى ئاچىمىز. چىققان كۆزنەكتىكى Microsoft 网络的文件和打印机共享دىكەن تۈرنى ئەمەلدىن قالدۇرىمىز. كېيىنكى قېتىم تورغا ئۇلىغاندا كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

# IISتىكى خاتالىقنى ئوڭشاش ئۇسۇلى

يوللىغۇچى:ئالىپ

بىر قىسىم كومپيۇتېرلاردا IIS نىڭ كاشىلىسى سەۋەبىدىن asp قاتارلىق پىروگراممىلارنى تونۇماسلىق ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ . قايتا قاچىلىغاندىن كېيىنمۇ بۇنداق ئەھۋال ئۆزگەرمەيدۇ . بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب IIS نىڭ ھۆججەتلىرى قاچىلانغان مۇندەرىجىدىكى بىر قىسىم ھۆججەتلەر ۋە system32/inetsrv ئاستىدىكى Metabase.xml Metadata.dll دىن ئىبارەت ئىككى ھۆججەتنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن بولغان . بۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى : ئالدى بىلەن WINDOWS 组件 添加删除—添加或删除程序دىن 信息服务 internet نى ئۆچۈرۈۋېتىمىز ، ئاندىن C:\Inetpub ۋە( system32/inetsrv يەنى ( inetsrv نىڭ نامىنى ئۆزگەرتىمىز ، ئەگەر نورمال ۋىندوۋس مۇھىتىدا ئۆزگەرتىشكە بولمىسا بىخەتەر مۇھىتتا ئۆزگەرتىمىز ياكى ئۆچۈرۈۋېتىمىز . ئاندىن IIS نى قايتا قاچىلىساقلا مەسىلە ھەل بولىدۇ.

# scsiقاتتىق دىسكىغا سىستېما قاچىلاش

سوئال سورىغۇچى:bax

جاۋاپ بەرگۈچى:saralik

scsiقاتتىق دىسكىغا windows 2000 serverنى قاچىلاشتا قايسى خىل ئۇسۇل ئەڭ ياخشى،بىلىدىغانلار بولسا تەپسىلى چۈشەندۇرۇپ قويغان بولسىڭىزلار

جاۋاپ:scsi قاتتىق دىسكىغا windows 2000 serverنى قاچىلاشتا ئالدى بىلەن scsi ئېغىزنىڭ قوزغىتىش پىروگراممىسىنى يۇمشاق دىسكىغا تەييارلىۋالىسىز.

ئاندىن windows 2000 server نىڭ قاچىلاش دىسكىسى ئارقىلىق سىستېمىنى قاچىلاشقا باشلىغاندا ئېكران ئاستىدىكى ئۇچۇرغا دىققەت قىلىسىز F6 .نى بېسىپ ئۇچىنچى تەرەپ تەمىنلىگەن SCSI ئۈسكۈنىسىنىڭ قوزغىتىش پىروگراممىسىنى قاچىلاش دىگەن ئۇچۇر كۆرۈنگەندە F6نى باسسىڭىز SCSI ئۈسكۈنىسىنىڭ قوزغىتىش پىروگراممىسىنى سورايدۇ، بۇ چاغدا بايا

تەييارلىنىۋالغان يۇمشاق دىسكىدىن قاچىلىسىڭىز بولىدۇ. قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن قالغان قەدەم باسقۇچلىرى ئادەتتىكى Windows XP نى قاچىلاش مەشغۇلاتى بىلەن ئانچە پەرق قىلىپ كەتمەيدۇ.
ئەسكەرتىش: SCSIئۈسكۈنىسىنىڭ قوزغىتىش پروگراممىسىنى چوقۇم يۇمشاق دىسكىغا تەييارلاش كېرەك. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا قاچىلاش پروگراممىسى باشقا ئۈسكۈنىلەرنى تېخى تونىمايدۇ.

# Windowsنىڭ قالدۇق ئەخلەتلىرىنى تازلاشنىڭ ئاددى پىرىنسىپى

يوللىغۇچى: pcfan
بىز ئىشلىتىپ كېلىۋاتقانxp Windows بولسۇن ياكى باشقا Windows نۇسخىلىرى بولسۇن ،ھەممىسى بىزنىڭ تورغا چىققىنىمىزدا ،يۇمشاق دېتال ئورناتقىنىمىزداشۇنداقلا باشقا مەشغۇلاتلىرىمىزدا ئاپتوماتىك ھالدا سېستىما رايونىدا قالدۇق ھۆججەت قۇرۇپ ماڭىدۇ،ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىزنىڭ كېيىنكى ئىشلىتىشىمىز ئۈچۈن كۆپ دېيەرلىك پايدىسى يوق ،تازلىۋېتىشكە بولىدۇ!ئەمما كومپيۇتىر ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ھەر بىرەيلەننىڭ بۇ قالدۇقلارنى تازلاپ كېتىشى ناتايىن. ئۇ قالدۇق ھۆججەتلارنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ مەسلەن:
ۋاقىتلىق ھۆججەت
كۈندىلىك خاتىرلەش
ۋاقىتلىق ياردەم ھۆججىتى
قاتتىق دېسكا تەكشۈرۈش نەتىجە ھۆججىتى
بىرئازچوڭ بولغان ۋاقىتلىق يۇمشاق دېتال زاپاس ھۆججىتى
تورغا چىققاندىكىن ساقلىنىپ قالغان بارلىق قالدۇق ھۆججەت
ناۋادا سىز خېلى كۈنلەر تورغا چىقىپ قالدۇق ھۆججەتلەرنى تازلىۋەتمىسىڭىز سېستىما رايونىدا خېلىلا بوشلۇقنى ئىگەللەيدۇ!بۇ قالدۇق ھۆججەتلەر سىزنىڭ كومپيۇتىرىڭىزنىڭ خىزمەت سۈرئىتىگىمۇ زور تەسىر قىلىدۇ!ئاپتوماتىك ئىجرا بولىدىغان ئاددىي پىروگىراممىا ياساش ئارقىلىق بۇ قالدۇقلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ،قېنى سىز مۇستەقىل بۇ ئاددىي پىروگىراممىنى ياساپ كۆرۈڭ!
1.ئالدى بىلەنtxt ھۆججىتىدىن بىرنى قۇرىمىز ۋە ئاچىمىز.
2.تۆۋەندىكى كودلارنى كۆچۈرىمىز.

```
@echo off
echo KOMPIYOTIR KALDUK AHLATLARNI TAZLAWATIDU! SAL KUTUNG...
del /f /s /q %systemdrive%\*.tmp
del /f /s /q %systemdrive%\*._mp
del /f /s /q %systemdrive%\*.log
del /f /s /q %systemdrive%\*.gid
```

```
del /f /s /q %systemdrive%\*.chk
del /f /s /q %systemdrive%\*.old
del /f /s /q %systemdrive%\recycled\*.*
del /f /s /q %windir%\*.bak
del /f /s /q %windir%\prefetch\*.*
rd /s /q %windir%\temp & md %windir%\temp
del /f /q %userprofile%\cookies\*.*
del /f /q %userprofile%\recent\*.*
del /f /s /q "%userprofile%\Local Settings\Temporary Internet Files\*.*"
del /f /s /q "%userprofile%\Local Settings\Temp\*.*"
del /f /s /q "%userprofile%\recent\*.*"
echo KOMPIYOTIR KALDUK AHLATLARNI TAZLAP BOLDI!
echo. & pause
```

3.ئۈستىدىكى كودنى كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ساقلايمىز!

(مەن ئۇنىtxt ھۆججىتى ئىچىدىن كۆچۈرۈپ ئەكەلگەن ،ھەم ئۇنى يەنە مۇشۇ يەرگە يېزىلغان كودتىن كۆچۈرۈپtxt ئەكىرسەم ئەسلى ھالەتتىكە كەلدى،سىز پەقەت شۇ پېتى كۆچۈرسىڭىزبولىدۇ!)

4. تېكىست ھۆججىتىنى ساقلىغانداtazlax.bat ياكى خالىغان نامدا ساقلايمىز!

(دىققەت كېڭەيتىلگەن نامى چوقۇمbat بولۇشى كېرەك)

5.قېنى سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئەجرىنى سىناپ كۆرۈڭ ! مائۇسنى قوش چېكىپ ئىجرا قىلىڭ!

ئىزاھات:سىز ئۈستىدىكى كودنى يەنىمۇ ئۆزگەرتىپ ئۆزىڭىزنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇپ قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ،يەنى سىز تازلاش ھاجەتسىز دېگەن تۈرلىرنى چىقرۋەتسىڭىز تامامەن بولىدۇ!

# IPھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

يوللىغۇچى: azina

IPدىگەن نىمە ؟ IP ئېنگىلىسچە Internet Protocol دىگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشى بۇلۇپ ، تور كىلىشىمى دىگەن مەنىدە( 网际协议 ) مۇنداقچە ئېيتقاندا تېلفۇن نۇمۇرىغا ئوخشاش تورغا ئۇلانغان كومپيۇتېردا بىردىن IP نۇمۇر ( ئادىرىس ) بۇلىدۇ Internet تورى شەكىللىنىشتىن ئىلگىرى ئوخشاش بولمىغان رايۇندىكى كىشلەر نۇرغۇنلىغان كىچىك تىپلىق ( رايۇنلۇق ) تورنى شەكىللەندۈرگەن ، بۇ رايۇنلۇق تور دەپ ئاتالغان (局域网 ) ، كىينچە ئوخشاش بولمىغان رايۇنلاردىكى رايۇنلۇق تورنى ئۆز- ئارا تۇتاشتۇرۇش نەتىجىسىدە Internet تورى - يەرشارى خاراكتىرلىك تور (互联网) شەكىللەنگەن.

ھەممىيلەنگە مەلۇم ، ھەرقايسى ئوخشاش بولمىغان رايۇندىكى كىشلەرنىڭ رايۇنلۇق تورنىڭ

قۇرۇلمىسى ۋە سانلىق مەلۇماتلارنى ئۇزۇتۇش پىرىنسىپى ئوخشاش ئەمەس ، ئۇنداقتا Internet تورى ئۆز- ئارا ئۇلانغاندىن كىيىن سانلىق مەلۇماتلار قايسى پىرىنسىپ بويىچە يەتكۈزىلىدۇ ؟ يەرشارىدا نۇرغۇنلىغان دۆلەت بار ، ھەرقايسى دۆلەتتە ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ تىلى ئوخشاش بولمىسا ، توردىكى كىشلەر قايسى پىرىنسىپ بويىچە ئۆز- ئارا ئالاقە قىلالايدۇ ؟ ئاخىرى كىشلەر تور ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئورتاق تىلنى دۇنيا تىلى ( تور تىلى ) نى بەرپا قىلدى يەنى TCP/IPبۇ Internet تىكى دۇنيا تىلى-TCP تور تىلى دەپ ئاتىلىدۇ . يەتكۈزۈشنى كونترول قىلىش پروتوكىلى (Transmission Control Protocol ) بىلەن IP تورلاش ئارا پروتوكىلى IP . سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە يوللاپ بېرىدۇ IP . بولسا TCP/IP كىلىشىمدە <ئىشىك نۇمۇرى > دەپ بەلگىلەنگەن.

IPئادرىس TCP/IP - قوللانغان ئادرېس بەلگىلەش ئۇسۇلى 32 بىتلىق ئىككىلىك سېستىمىدىن تۈزۈلگەن سان بولۇپ ، ھەر بىر Internet كە ئۇلانغان كومپيۇتېرنىڭ IP ئادرېسى بىرلا بولىدۇ ، شۇڭا ئۇنى قالايمىقان لايىھىلەشكە بولمايدۇ . پۈتۈن دۇنيانىڭ IP ئادرېسىغا NIC مەسئۇل بولىدۇ ئاسىيا رايونىدا NIC ئاستىدىكى APNIC مەسئۇل بولىدۇ .

ئاساسلىق IP ئادرېس A , B ۋە C دىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ ، Dتىپلىق ئادرېس ساقلىنىپ قېلىنىپ ئالاھىدە ئەھۋاللارغا ئىشلىتىلىدۇ ، Eتىپلىقنىڭ ئادرېسى ۋاقتىنچە ساقلىنىپ ، مەلۇم تەجرىبىلەرگە ۋە كەلگۈسىدىكى قوللىنىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

IPئادرېس 32 بىتلىق ئىككىلىك سېستىمىدىكى سان بولۇپ ، << . >> بىلەن ئايرىلغان تۆت دانە ئونلۇق سان سېستىمىسىدىكى ساندىن ئىبارەت .

مەسىلەن x.x.x.x : ، ھەربىر x كە بىر بايىتىس ( 8 بىت ) ماس كېلىدۇ ، ئۇنىڭ قىممىتى 0-255 كىچە بولىدۇ ، IPئادرېسنىڭ ئالدىنقى بەش ئەزاسى IP ئادرېسنىڭ تىپ ئايرىمىسىنىڭ بەلگىسى Aتىپتىكى ئادرېسنىڭ بىرىنچى خانىسى 0 ، ئۇنىڭ تور ئادرېسى بۆشلىقىنىڭ ئۇزۇنلىقى 7 خانە ، باش ئاپپارات ئادرېس بوشلىقىنىڭ ئۇزۇنلىقى 24 خانە ، Aتىپلىق ئادرېس : 1.0.0.0-127.255.255.255 كىچە بولىدۇ B . تىپلىق ئادرېسنىڭ ئالدىنقى ئىككى خانىسى 10 ، تور ئادرېسنىڭ بوشلىقى 14 خانە ، باش ئاپپارات ئادرېس بوشلۇقىنىڭ ئۇزۇنلىقى 16 خانە ، B تىپلىق ئادرىس : 128.0.0.0-191.255.255.255 كىچە بولىدۇ C . تىپلىق ئادرېسنىڭ ئالدىنقى ئۈچ خانىسى 110 ، تور ئادرېس بوشلىقىنىڭ ئۇزۇنلىقى 21 خانە ، باش ئاپپارات ئادرېسنىڭ ئۇزۇنلىقى 8 خانە ، Cتىپلىق ئادرېس 192.0.0.0-223.255.255.255 : دائىرىدە بولىدۇ .

تۈزۈلۈش قۇرۇلمىسى:

IP : 172.17.1.101

子网掩码 ： 225.255.255.0

默认网关： 10.65.1.253

DNS:222.168.0.10

DNS:222.168.0.10

مۇناسىۋەتلىك ئۇلانما: http://www.tgkd.net/ip/ip.htm

ئەسكەرتىش : كومپيۇتېر مەدەنىيىتىدىن ئاساس دىگەن كىتاپتىن ئېلىندى ، بىر قىسىم جايلىرىنى ئۆزەمنىڭ كۆز قارىشى بويىچە قوشۇپ قويدۇم. مەقسىدىم : تورغا ئۇلانغان كومپيۇتېردا بولۇشقا تېگىشلىك بۇ IP ھەققىدە بىلىملەرنى ئۆز- ئارا ئۆگەنسەك

ئىنكاس يوللىغۇچى: graf

بۇ تېمىنى يوللىغىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، لېكىن بەزى يەرلىرى ئانچە توغرا بولماپتۇ.
ئادرېس بەش تۈرلۈك بولىدۇ. يەنى A, B,C,D,E قاتارلىقلار. ئالدىنقى ئۈچى تار دائىرىلىك تور ۋە مەخسۇس ئىچكى توردا ئىشلىتىلىدۇ. كېيىنكى ئۈچىنى مۇلازىمېتىر تورغا چىققان كومپيۇتېرلارغا ۋاقىتلىق ئادرېس سۈپىتىدە تەمىنلەپ بېرىدۇ .

Aتىپلىق ئادرېس 1.0.0.1 دىن باشلىنىپ، 126.255.255.255 دا ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنقى بىر خانىسى تور ئادرېسى، كېيىنكى ئۈچ خانىسى ماشىنا (كومپيۇتېر) ئادرېسى بولىدۇ. كۆپىنچە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى چوڭ تىپتىكى مۇلازىمېتىرلارنىڭ بىر- بىرى بىلەن ئۇلىنىش ئادرېسى قىلىنىدۇ.

Bتىپلىق ئادىرېس 128.0.0.1 دىن باشلىنىپ، 191.255.255.255 دا ئاخىرلىشىدۇ، بۇنىڭ ئالدىنقى ئىككى خانىسى تور ئادرېسى، كەينىدىكى ئىككى خانىسى ماشىنا ئادرېسى بولىدۇ . كۆپىنچە چوڭ كارخانا ياكى ئورگانلارنىڭ ( مەسىلەن: باج سىستېمىسى، ج خ سىستېمىسى، سودا- سانائەتنى مەمۇرى باشقۇرۇش سىستېمىسى) ئىچكى تور ئادرېسى قىلىنىدۇ.

Cتىپلىق ئادىرېس بىزنىڭ تورمۇشىمىزدا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ، يەنى تار دائىرىلىك تور ئادرېسى قىلىنىدۇ. ئۇ 192.0.0.1 دىن باشلىنىپ، 221.255.255.255 غىچە بولىدۇ.

Dتىپلىق ئادرېسمۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا كۆپ ئۇچرايدۇ، يەنى بىزنىڭ تورغا كىرگەندىكى ۋاقىتلىق ئادىرېسىمىز دەل مۇشۇ D تىپلىق ئادرېس، ئۇ 222.0.0.1 دىن باشلىنىپ، 239.255.255.255 دا ئاخىرلىشىدۇ.

Eتىپلىق ئادىرېس تەجرىبە ئادىرسى، بۇ ئادرېس بەزىدە بىزنىڭ تورغا چىققان ۋاقتىمىزدىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇ 240.0.0.1 دىن باشلىنىپ، 255.255.255.255 دا ئاخىرلىشىدۇ.

ئەمدى ئادرېس بەلگىلىگەندە، ئەڭ باشتىكى ۋە ئەڭ ئاخىرىدىكى ئادرېسى بۆلىكىگە 0 نى ۋە 255 نى يازغىلى بولمايدۇ، بۇنداق ئادرېس ئىناۋەتسىز ئادرېس. مەسىلەن: 0.1.50.255 يەكى 255.3.200.0 دىگەندەك .نۆل دىگەن يوقنى بىلدۈرىدۇ. بىرىنچى خانە 0 بولغىنى يوق تور بۆلىكى دىگەن گەپ، ئاخىرقى خانىسى نۆل بولغىنى يوق كومپيوتېر ئادرېسى دىگەن گەپ، شۇڭا 0 نى خالىغانچە بىكىتىشكە بولمايدۇ. 255 ئادەتتە توردىكى باشقۇرۇش ياكى رادىئو ئاڭلىتىش ئادىرېسىغا بېرىلىدۇ، يەنى 192.168.88.255 دىگەندەك ئادرېسنى كومپيوتېرىڭىزغا بىكىتسىڭىز بولمايدۇ، بۇ پەقەت شۇ تار دائىرىلىك تور بۆلىكىدىكى ئالاھىدە بىر دانە كومپيوتېرغىلا بېكىتىشكە بولىدىغان ئادرېس.

ئادەتتە كومپيېتېرىڭىزغا ئادرېس بىكىتكەندە، ئادرېس دائىرىسىدە بولمىغان ساننى كىرگۈزسىڭىز كومپيېتېر بۇ خاتا بولۇپ قالدى دەپ ئۇچۇر چىقىرىدۇ، مەسىلەن: 357 بۇ 255 دىن چوڭ، بۇنى ئادرېس كىرگۈزۈش ئورنىغا كىرگۈزسىڭىز، كومپيوتېر قوبۇل قىلمايدۇ. يەنە 10.50.88.0 دەپ كىرگۈزسىڭىزمۇ، ئاخىرقى خانىسى 0 بولسا بولمايدۇ دەپ، كومپيوتېرىڭىز قوبۇل قىلمايدۇ.

# FTP مۇلازىمېتىر دېگەن نېمە ؟

سوئال سورىغۇچى:ئىرفان
ئىشخانىلارنى تورلاشتۇرۇشقا دائىر بەزى بىلىملەرنى ئۆگۈنەي دېگەنتىم服务器 FTPدېگەن نېمە ؟ ئۇقاندۇق ئىشلىتىلىدۇدېگەن مەسىلىنى چۈشۈنەلمىدىم .مۇشۇ ھەقتە بىلىمى بار يولداشلارنىڭ ئېغىر كۆرمەي چۈشەندۈرۈپ قويۇشىنى ئۈمۈت قىلىمەن.

جاۋاپ بەرگۈچىلەر:

ياسىن: بۇ تور دۇنياسىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇلازىمەت ، بۇ نىڭ ئاساسلىق رولى تورغا ماتىريال يوللاش، توردىن چۈشۈرۈش ، توردىن ئۆچۈرۈش قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ، بۇ بولمىسا توردا نۇرغۇن ئىشلاردا قولايسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ ، بۇنىمۇ bilik.cn :// http دېگەندەك ، ftp://bilik.cn دەپ كىرىشكە بولىدۇ بىراق مەخپى شىفىر سورايدۇ بىلىسىڭىز ، بۇ بىكەتكى بارلىق ھۆججەتلارنى كۆرەلەيسىز ھەم چۈشۈرەلەيسىز

كۆك كەپتەر: سىز تور بوشلۇقى سېتىۋالغاندا ftp بوشلۇقىمۇ بىللە تەمىنلەنگەن بولىدۇ. يەنى سىز ئالغان تور بوشلۇقىنى ftp ئارقىلىق باشقۇرىسىزftp .ئارقىلىق كومپيۇتېرىڭىزنىڭ بەلگىلەنگەن ئورۇن ۋە بوشلۇقنى باشقىلارغا باشقۇرۇشقا بىرەلەيسىز. قارشى تەرەپ بۇ ئورۇندا ئۆزىنىڭ دىسكىلىرىدا مەشغۇلات قىلغاندەك مەشغۇلات قىلالايدۇ.ftp ئارقىلىق 局域网 ھۆججەت ۋە مەنبەدىن ئورتاق پايدىلىنىش بوشلۇقى قۇرسىمۇ ئىنتايىن قولايلىق بولىدۇ

نىدا: FTPدېگەن File Transfer Protocol نىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، بۇ ھۆججەت يوللاش كېلىشىمى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.1994 - يىلى World Wide Web ( WWW ) كېلىشىمى Internetدۇنياسىنى ئىگىلەشتىن بۇرۇن، بۇ خىل كېلىشىم ئىلخەت كېلىشىمىدىن باشقا ئەڭ كەڭ قوللىنىلغان بىر خىل كېلىشىم ئىدى. بۇ خىل كېلىشىمدىن پايدىلىنىدىغان يۇمشاق دېتاللارنى بىز ئادەتتە FTP دېتاللىرى دەپ ئاتايمىز. ماھىيەتتە، FTPكېلىشىمىمۇ يەنىلا TCP/IP كېلىشىمگە تايىنىدۇ.

FTPمۇلازىمېتىر دېگەندە، بىزنى FTP كېلىشىمىدىن پايدىلىنىپ مەشغۇلات قىلىشقا يول قويغان مۇلازىمېتىر كۆزدە تۇتۇلىدۇ .بۇ خىل كېلىشىمدىن پايدىلانغاندا، ھۆججەت شەكلى چەكلەنمەيدۇ، كۆپەيتىش، ئۆچۈرۈش دېگەندەك ھەر خىل مەشغۇلاتلارنى خۇددى ئۆز كومپيۇتېرىڭىزدا بېجىرگەندەك بېجىرەلەيسىز، بۇ FTP مۇلازىمېتىرنىڭ قۇلايلىق ھەم ئاجىز تەرىپى؛ قۇلايلىقلىقى ئۇنىڭدىكى مەشغۇلاتنىڭ قۇلايلىقلىقىغا قارىتىلغان، ئاجىزلىقى بۇ خىل كېلىشىمدە ھۆججەت تىپى چەكلەنمىگەچكە، بىر قىسىم پروگراممىلارنى مۇلازىمېتىرىغا يوللاپ ئىجرا قىلىپ، مۇلازىمېتىرغا نىسبەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلىشمۇ ئاسانلىقىغا قارىتىلغان.

ھازىر كۆپ قىسىم ھەقسىز بوشلۇق تەمىنلەيدىغان شىركەتلەرنىڭ FTP مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىمەيۋاتقانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبىمۇ مۇشۇ بولسا كېرەك. ھەقلىق بوشلۇق ئالسىڭىز، ئۇلار چوقۇم سىزنى FTP مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، تەمىنلىمىسە، ئۇنداق بوشلۇقنى ئالماڭ.

ئەگەر ئۆزىڭىزنىڭ كومپيۇتېرىنى FTP مۇلازىمېتىرى قىلماقچى بولسىڭىز، سىزگە تەۋسىيەرىم SERV_U دېگەن دېتال بىلەن 花生壳 دېگەن دېتالنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىڭ. ئالدىنقىسى FTP مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ، كېيىنكىسى مۇقىمسىز IP ئادرېسىڭىزنى مۇقىم FTP ئادرېسقا ئۇلاپ بېرىدۇ، پەقەت سىز تورغا ئۇلاپ، ئاشۇ ئىككى دېتالنى قوزغىتىپ قويسىڭىزلا، سىز باشقىلارغا دەپ بەرگەن

FTPئادرىس ئارقىلىق باشقىلار سىزنىڭ كومپيۇتېرىڭىزنى بىمالال زىيارەت قىلالايدۇ. يۇقىرىقى ئىككى دېتالنى قانداق ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، مۇشۇ بىلىكنىڭ باش بېتىدىكى ئىزدەش رامكىسىغا دېتالنىڭ نامىنى يېزىپ، GOOGLEدىن ئىزدەش دېگەن كونۇپكىنى باسسىڭىزلا، بىر مۇنچە پايدىلىق ئادرىسلارنى چىقىرىپ بېرىدۇ.

# تور سىمنى ئۇلاش تەرتىپى

10Mلىق تور سىم ئۇلاش تەرتىپى:

| 号码 | 信号定义 | 线对颜色 |
|---|---|---|
| 1 | TX+ | 橙白 |
| 2 | TX- | 橙 |
| 3 | RX+ | 绿白 |
| 4 | 未用 | 蓝 |
| 5 | 未用 | 蓝白 |
| 6 | RX- | 绿 |
| 7 | 未用 | 棕白 |
| 8 | 未用 | 棕 |

100Mلىق تور سىم ئۇلاش تەرتىپى:

| 号码 | 信号定义 | 线对颜色 |
|---|---|---|
| 1 | TX+ | 橙白 |
| 2 | TX- | 橙 |
| 3 | RX+ | 绿白 |
| 4 | 未用 | 蓝 |
| 5 | 未用 | 蓝白 |
| 6 | RX- | 绿 |
| 7 | 未用 | 棕白 |
| 8 | 未用 | 棕 |

1000Mلىق تور سىم ئۇلاش تەرتىپى:

| 号码 | 信号定义 | 线对颜色 |
|---|---|---|
| 1 | BI_DA+ | 橙白 |
| 2 | BI_DA- | 橙 |
| 3 | BI_DB+ | 绿白 |
| 4 | BI_DC+ | 蓝 |
| 5 | BI_DC- | 蓝白 |
| 6 | BI_DB- | 绿 |
| 7 | BI_DD+ | 棕白 |
| 8 | BI_DD- | 棕 |

# 路由器نى تەڭشەشتىن ياردەم سورايمەن

يوللىغۇچى: ئىسلام

مەن يول تاللىغۇچ ئارقىلىق ئىشخانىدىكى بارلىق كومپيۇتېرلارنى ئورتاق تورغا چىقىدىغان قىلماقچى ئىدىم.يول تاللىغۇچنىڭ چۈشەندۈرۈش كىتابى بويىچە مەشغۇلات قىلىپ نەتىجىدە بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم.يەنى تور بېكەتلىرىنى زىيارەت قىلالمىدىم.ئەمما تور چوققۇم ئۇلانغان دەپ قارايمەن.چۈنكى:

1. چ چ نى ئاچسام ئېچىلدى باشقىلار بىلەن پاراڭلىشالىدىم. ئەمما تور سۈرئىتى پەۋقۇلاددە ئاستا

2. توك ئىشەكنى قوزغاتسام كىنو قاتارلىقلارنى ئىزدىگىلى بولدى ئەمما يەنىلا ئاستا

شۇڭا مەن تور ئۇلانغان ئەمما تور سۈرئىتى بەك ئاستا بولغاچقا تور بېكەتلىرىنى ئاچالمىغان دېگەن يەكۈننى چىقاردىم.بۇ قانداق مەسىلە مۇشۇ توغرىسىدا بىلىدىغانلار بولسا ياردەم قىلساڭلا.

بۇ مەسىلىنى ھەل قىلدىم. يەنى تورip نى ئاپتۇماتىك تاپىدىغان قىلىپ قويسىلا تورغا چىقىدىكەن.ئەمما بىزنىڭ مەكتەپتە دېسكىسىز تور بولغاچقا ئاپتوماتىك تاپىدىغان قىلىشقا بولمايدۇ. ip نى بەلگىلەپ تورغا چىقىدىغان قىلغىلى بولامدۇ؟

kokkaptarسىزنىڭ مۇشۇ كۇلۇبتا مۇشۇ مەزمۇنغا ئائىت يازمىڭىزنى كۆردۈم ۋە شۇ بويىچە قىلغان ئىدىم يەنى يول تاللىغۇچ ئادرېسىنى192.168.5.254 غا ئۆزگەرتكەن ئىدىم.ئادرېسىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن يېڭى ئادرېسىنى كىرگۈزسەممۇ،كونا ئادرېسىنى كىرگۈزسەممۇ ئوخشاشلا يول تاللىغۇچنى تەڭشەيدىغان جاي قايتا چىقمىدى.شۇڭا نائىلاج يول تاللىغۇچنى زاۋۇتتىن چىققان ھالەتكە ئەسلىگە كەلتۈردۈم.ماڭا ياردەم بەرگەن بولسىڭىز.ئەيىب كۆرمىسىڭىز چ چ دا تورۇپ ياردەم قىلسىڭىز بولامدۇ؟

# ئۆزىنىڭ تور نامى بىلەن Hotmail نى باغلاش

يوللىغۇچى:admin

بۇ مۇلازىمەتنى ئىلتىماس قىلىش ۋە بەلگىلەش ئۇسۇلى:

1.ئاۋال چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ تورنامى بىلەن ئاخىرلاشقان Email ئادرېسىڭىز ياكى Windows Live IDڭىز ( يەنى hotmail ئادرېسىڭىز) بولۇشى كېرەك؛

2.https://domains.live.com/ بېتىنى ئاچىمىز، پەيدىن تىزىملىتىڭلانلىقىمىز ئۈچۈن «开始» دېگەن كونۇپكىنى بېسىپ ئىلتىماس قىلىشنى باشلايمىز؛

3.ئېچىلغان بەتكە تور نامىنى كىرگۈزىمىز، مەسىلەن . bilik.cn ئاندىن: «继续» نى بېسىپ داۋاملاشتۇرىمىز؛

4.ئېچىلغان بەتتىن ئەگەر «使用现有的 Windows Live ID 登录» نى تاللاپ داۋاملاشتۇرساق، بۇ ID باشقۇرغۇچىنىڭ ID سى بولىدۇ، ئەگەر «在您的域中创建一个新的 Windows Live ID، 例 如: myadmin@bilik.cn» نى تاللاپ داۋاملاشتۇرساق، ئۆزىڭىزنىڭ تور نامى بىلەن ئاخىرلاشقان Email ئادرېسىڭىز باشقۇرغۇچىنىڭ ID سى بولىدۇ. بۇنى ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تاللىساق بولىدۇ.

5.يېڭى ئېچىلغان بەت ئاساسى تىزىملاش بېتى بولۇپ، ئەگەر 4-باسقۇچتا Windows Live ID نى تاللىغان بولسىڭىز، شۇنىڭغا مۇناسىپ ID نى كىرگۈزىسىز. يەنە بىرسىنى تاللىغان بولسىڭىز تور نام بىلەن ئاخىرلاشقان Email نى كىرگۈزىسىز، باشقا ئورۇننى مۇناسىپ تولدۇرىمىز؛

6.مۇناسىۋەتلىك ئورۇننى تولدۇرۇپ يوللىغاندىن كېيىن، يۇقۇردا تەمىنلىگەن Email ئادرېسقا دەلىللەش خېتى كېلىدۇ، شۇ خەتتىكى ئۇلانما بويىچە تىزىملاشنى داۋاملاشتۇرىمىز؛

7.دەلىللەش خېتىدىكى ئۇلانمىنى بېسىپ، باشقۇرغۇچى Email نى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىمىزنىڭ تور نامى بىلەن Hotmail ئېلخەت مۇلازىمېتىرىنى ئۇلاش باسقۇچىغا ئۆتىمىز. بۇ باسقۇچ ھالقىلىق باسقۇچتۇر .

دەلىللەش خېتىدىكى ئۇلانمىنى بېسىپ، ئېچىلغان بەتتە تەكشۈش ئېلىپ بارىمىز، «配置 DNS 的步骤» دېگەن ئورۇندا بىزگە تەمىنلەپ بەرگەن «MX 服务器» نىڭ ئادرېسىنى كۆچۈرۈپ ئېلىۋالىمىز، مەسىلەن، xxxxx.pamx1.hotmail.com دېگەندەك...

ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ تور نامىنى باشقۇرۇش بېتىگە يەنى DNS باشقۇرۇش بېتىگە بارىمىز (بۇ مەشغۇلات بىز تور نام سېتىۋالغان تور بەتتىكى تور نام باشقۇرۇدىغان ئورۇندا ئېلىپ بېرىلىدۇ) .

باشقۇرۇش بېتىدىن «MX 记录-邮件交换记录» نى بەلگىلەيدىغان ئورۇندىكى «邮件交换记录» دېگەن ئورۇنغا تور ئادرېسنى مەسىلەن bilik.cn نى، «目标主机» دېگەن ئورۇنغا hotmail تەمىنلىگەن مۇلازىمەت ئادرېسنى مەسىلەن xxxxx.pamx1.hotmail.com نى، «优先级» گە 10 نى ياكى يۇقۇرى سانىنى، «TTL» غا 3600 ياكى بىر سائەت دەپ كىرگۈزۈپ بەلگىلەشنى مۇقىملاشتۇرىمىز؛

ئەگەر ئۆزىنىڭ تور نامىدا باشقا «邮件交换记录» خاتىرىسى بولسا، ئۇنى چوقۇم ئۆچۈرۈپ ئۆتىمىز، بولمىسا ئوخشاش نامدا ئىككى خىل ئېلخەت مۇلازىمېتىرىدا ئېرىشكىلى بولمىغاچقا، توقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ.

دىققەت: ئەسلىدىكى خاتىرىنى ئۆچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئىلگىرى بەلگىلىگەن ئۆزىمىزنىڭ تور

نامىدىكى ئېلخەت ئادرېسى ئارقىلىق پەقەت خەت ئەۋەتكىلى بولىدۇ، خەت قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئېلخەت مۇلازىمىتىنى Hotmail نىڭ ئېلخەت مۇلازىمىتى ئۆتكۈزۈۋالغان بولىدۇ؛ يۇقۇرقى بەلگىلەشتىن كېيىن، https://domains.live.com دىكى بەلگىلەش بېتىگە قايتىپ بېرىپ، «刷新»دېگەن كونۇپكىنى باسساق، بىزنىڭ DNS بەلگىلىشىمىزنىڭ توغرا بولغان-بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ نەتىجىسنى چىقىرىپ بېرىدۇ. توغرا بولسا «DNS 配置» دېگەن ئورۇندا «您的 DNS 配置正确» پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنىڭ تور نامى بىلەن Hotmail مۇلازىمىتى ئۇلاپ بولغان بولىمىز. ئادەتتە ئۇلىنىش مۇۋاپىقيەتلىك بولۇپ، 6~24 سائەت ئىچىدە ئېلخەت ئادرېسىنى رەسمى ئىشلىتىشكە بولىدۇ؛

8.ئېلخەت قوشۇش

سول تەرەپتىكى «成员帐户» نى باساق ئېلخەت ئادرېسى باشقۇرۇش بېتى ئېچىلىدۇ. بۇ يەردىكى «添加 删除 导入 放弃» دېگەن كونۇپكىنى بېسىش ئارقىلىق مۇناسىپ مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ.

يېڭىدىن ئېلخەت ئادرېس قوشقاندىن كېيىن، بۇ ئېلخەت ئادرېسىنى چوقۇم mail.live.com غا بېرىپ قوزغىتىش كېرەك، بولمىسا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. ئەگەر بۇ ئادرېسنى 30 كۈن ئىچىدە بىرمۇ قېتىم ئىشلەتمىسە hotmail ئادرېس تەرىپىدىن ئاپتوماتىك توڭلىتىپ قويۇلىدۇ، شۇڭلاشقا پات-پات ئىشلىتىپ تۇرۇش كېرەك.بىر تور نام بىلەن ئەڭ كۆپ بولغاندا 100 ئېلخەت ئادرېس تەسىس قىلغىلى بولىدۇ؛

9.ئىختىيارى ئىلتىماس قىلىش

ئەگەر سىز تور نامىڭىزدىكى ئېلخەتنى ئاشكارا ئىلتىماس قىلىشنى يولغا قويماقچى بولسىڭىز، «设置 > 开放成员资格»نى بېسىپ بەلگىلىسىڭىز بولىدۇ، يەنى ئېچىلغان بەتتىكى «我接受» نى تاللاپ «启用开放成员资格» دېگەن كونۇپكىنى باسسىڭىز بۇ ئىقتىدار ئېچىلىدۇ. ئاندىن «注册模块 > 开放成员资格»نى باسسىڭىز، سىزگە شۇ خىل ئېلخەتنى تىزىملاش ھەققىدىكى مەخسۇس كودنى چىقىرىپ بېرىدۇ، بۇ كودىدىكى ئۇچۇرلارنى ئۆزىڭىز مۇۋاپىق ئۆزگەرتىپ، تور بېتىڭىزدىكى مۇۋاپىق ئورۇنغا قىستۇرۇپ قويسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئىقتىدارنى ئېچىۋەتمىسە پەقەت باشقۇرغۇچىنىڭلا ئېلخەت ئادرېسى قوشۇش ھوقۇقى بولىدۇ؛

10.ئادەتتە mail.live.com ئارقىلىق ئېلخەت ئادرېسىنى قوزغىتىپ بولغاندىن كېيىن، شۇ نامىلىق ئېلخەتنى mail.live.com دا ئىشلەتسىمۇ ياكى hotmail دائىشلەتسىمۇ بولىدۇ، بۇ ئېلخەت ئادرېسى ھەم بىزنىڭ MSN نومۇرىمىز بولالايدۇ.

باشقۇرغۇچى باشقۇرغاندا https://domains.live.com/ بېتىنى ئاچقاندىن كېيىن، «登陆»نى بېسىپ كىرىپ باشقۇرسا بولىدۇ. باشقۇرۇش ID سى دەل بىزنىڭ تۇنجى قېتىم ئىشلەتكەن ئۆزىمىنىڭ تور نامىدىكى ئېلخەت ئادرېسىمىز ياكى Windows Live ID رەمىز بولىدۇ.

11.ئەگەر قولىڭىزدا يەنە باشقا تورناملىرى بولسا، ئاشۇ بەتنىڭ غول بېتىگە يەنى «你的域» گە قايتىپ «添加域» دېگەن كونۇپكىنى بېسىپ، يۇقۇرىدىكى ئۇسۇل بويىچە كۆپەيتسىڭىز بولىدۇ. بىر باشقۇرغۇچى نامى بىلەن تور نامىنى داۋاملىق كۆپەيتكىلى بولىدۇ، ھەم بارلىق تور نامىدىكى ئېلخەتلەرنى بىرلا ئورۇندا باشقۇرغىلى بولىدۇ.

# تور بانكىسىنى ئىشلىتىش

يوللىغۇچى: تەكلىماكان

(خەنزۇچە بىلمەيدىغانلارغا ) توردا ئېلىم بېرىم قىلىش ئۇسۇلى بۇ مەشغۇلاتلارنى ئۆگىنىۋالسىڭىز بانكىغا بارماي تۇرۇپلا،كارتىدىكى پۇللىرىڭىزنى ئۇ كارتىدىن بۇ كارتىغا ياكى تورغا، توردىن بانكا ھېساۋىغا، ياكى چەككە، ياكى چەتئەلگە، چەتئەلدىن دۆلەت ئىچىگە يۆتكىيەلەيسىز ئەڭ داڭلىق توربانكىسى paypal پايپال ) خەلقئارالىق ) بىلەن 贝宝 paypal ئوخشمايدۇ贝宝 paypal . جۇڭگو ئىچىدە ئىشلەيدۇ . ئىككىسىدە ئۆز ئارا پۇل يۆتكەشكە بولمايدۇ . ئەمما paypal خەلقائارلىققا تىزىملاتسىڭىز دۆلەت ئىچىدىمۇ پۇل يۆتكەشكە بولىدۇ ، )ئامېرىكان ئېكسپرېس كىرېدىت كارتىسى بولمىسا، ئادەتتىكى بانكا كارتىلىرىغا خەلقئارالىق پايپال ئادرېسىدىن پۇل يۆتكىسىڭىز ، paypalشىركىتى ھەمدە بانكا يۇقىرى مۇلازىمەت ھەققى ئالىدۇ ) 贝宝 paypalغا تىزىملىتىش ئۇسۇلى 1. تىزىملىتىشتىن بۇرۇن چوقۇم مۇقىم ئىشلىتىدىغان ھەم مەخپى نومۇرىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان ئېلخەت ئادرېسىڭىز بولىشى كېرەك . مەن تۆۋەندىكى ئېلخەتلەرنى تەۋسىيە قىلاي: يۇلغۇن ئېلخەت سىستېمىسى : ئۇيغۇرچە قوللايدۇ ،مەشغۇلات يۈزى ئۇيغۇرچە تىزىملىتىش ئادرېسى : www.yulghun.com دىن ئېلخەتكە كىرىپ تىزىملىتىڭ Google ئېلخەت : ئۇيغۇرچە قوللايدۇ ،) ئەمما مەشغۇلات يۈزى باشقا تىلدا : Hotmail ) ئۇيغۇرچە قوللايدۇ ، ئەمما مەشغۇلات يۈزى باشقا تىلدا ،تىزىملىتىش ئۇسۇلى : www.hotmail.com غا كىرىپ تىزىملىتىڭ Windows Live Mail Beta نى ئىلتىماس قىلسىڭىز بوشلۇقى 2 گىگا بايىت چوڭلۇقتىكى ئىلخەت ئادرېسىغا ئېرىشىسىز. Emailئادرېسىڭىز بولغاندىن كېيىن، پايپالغا تىزىملاتسىڭىز بولىدۇ پايپال (جۇڭگو) نىڭ تور ئادرېسى www.paypal.com/cn غا كىرگەندىن كېيىن 注册 نى بېسىڭ ! قىزىل بويالغان ئورۇننى بېسىڭ :




ئاندىن تۆۋەندىكى بەت ئېچىلدۇ، ئەگەر كارخانا ( ئومۇم ھېسابىدىكى بانكا كارتىسنى پايپالغا ئۇلماقچى بولسىڭىز) 企业账户 نى تاللاڭ، ئەگەر شەخسى بولسا بۇ يەرگە چېقلماي، ئاستىدىكى قىزىل بويالغان ئورۇننى بىسىڭ




ئاندىن بۇ بەت ئېچىلدۇ



## 贝宝账户持有人联系信息

姓：
（例如：陈）
名：
（例如：小明）
省/直辖市/自治区：— 选择省份 —
市/县：
地址：
邮政编码：
证件类型：（可选）身份证
证件编号：（可选）
家庭电话：
(021-12345678)
工作电话：（可选） 分机
(021-12345678)
移动电话：（可选）

已经是易趣用户？马上登录，即可注册贝宝
易趣用户名：
易趣密码：
立即注册

**个人信息**
请输入您的银行账户使用的姓名和地址。一旦注册，您的姓名就不能更改，所以请您确保在此输入您的真实姓名。

您的电话号码不会被公开，也不会用于电话营销。您的信息受我们的“隐私权保护规则”（请参见以下内容）的保护。

## 贝宝账户登录信息

电子邮件地址：
（例如，name@domain.com）
电子邮件地址确认：
密码：
请确认密码：

**电子邮件地址和密码**
您将使用这些信息登录到贝宝。

请提供您的完整电子邮件地址，比如 name@domain.com。

您的密码长度不得少于 8 个字符并应区分大小写。

## 找回密码

密码提示问题 1：--选择一个问题--
答案 1：
密码提示问题 2：--选择另一个问题--
答案 2：

**找回密码**
如果您忘记了密码，我们将向您提出一些问题以确认您的身份。

请输入自己能够记住的答案。

## 安全措施

用户协议 可打印版本

贝宝™ 服务的用户协议

欢迎阅读上海网付易信息技术有限公司和美银宝信息技术（上海）有限公司（以下合称“贝宝”）用户协议（“本协议”）。本协议详述您在 www.paypal.com.cn（“本网站”）使用贝宝服务所须遵守的条款和条

隐私权保护规则 可打印版本

前言

本隐私权保护规则是用户协议的一部分，并受该协议的条款制约。

本隐私权保护规则对我们如何使用、处理用户提供的信息做出规定。您成为

《用户协议》和《隐私权保护规则》
这些文件旨在通知并保护您在贝宝服务中的权利和义务。

注册贝宝时必须填写该部分。

您是否同意用户协议与隐私权保护规则以及其中的条款？
○ 是
○ 否

您是否了解用户协议中规定的您在争议解决过程中所具有的权利？
○ 是
○ 否

输入如下所示的代码：

9 H V T 7

将您在黄色框中看到的字符键入文本栏。

**安全措施**
将您所看到的字符键入空字段中，中间不加空格。

这可以帮助贝宝防止自动注册，从而提高我们网络的安全性。

您还可以查看已完成的安全措施的示例。

注册

ئىچىلغان بەتتىكى ئۇچۇرلارنىڭ مەنىسى مۇنداق 姓 : ئىسىم ) دىققەت ،بۇ يەرگە فامىلىڭىزنى يازماي ،ئىسمىڭىزنى يازىسىز)
名 ـ ئىسىم ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن فامىلە دىگەن گەپ فامىلىڭىزنىڭ ئالدىغا بىرتال چېكىت قويۇپ قويىسىڭىز بولىدۇ ،) بانكا ھېساباتى بىلەن ئوخشاش قىلىش ئۈچۈن قويىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.
省/直辖市/自治区ئاپتونۇم رايوننى تاللاڭ ،سىرىلما ئىچىدىن 新疆 نى تاللاڭ 市/县 شەھەر ياكى ناھىيە ،بۇ يەرگە ،ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق ناھىيە شەھەرنى خەنزۇچە يېزىڭ !
地址ئادرېس ( چوقۇم كىملىك ئۈستىدىكى بىلەن ئوخشاش بولسۇن)
邮政编码پوچتا نومۇرى
证件类型：（可选）گۇۋاھنامە ـ بىرىنچىسى 身份证 ئەگەر پاسپورت ئارقىلىق تىزىملاتمىسىڭىز بۇ تۈرنى ئۆزگەرتمەي جىم قويۇڭ !
证件编号：（可选）كىملىك نومۇرنى كىرگۈزۈڭ
家庭电话تېلفۇن نومۇرى
工作电话خىزمەت تېلفۇنى : يازمىسىڭىزمۇ بولىدۇ
移动电话：可选يانفۇن، يازمىسىڭىزمۇ بولىدۇ
电子邮件地址ئېلخەت ئادرېسى
电子邮件地址确认ئېلخەت ئادرېسنى قايتا كىرگۈزۈڭ
密码مەخپى نومۇر ( پايپال ھېساۋاتىڭىز ئۈچۈن مەخپى نومۇر تۇرغۇزۇڭ)
请确认密码مەخپى نومۇرنى قايتا كىرگۈزۈڭ
密码提示问题1 بىر سۇئال تاللاڭ، ئەگەر پايپال ھېساۋاتىڭىزنى ئۇنتۇپ قالسىڭىز ياكى مەخپى نومۇرنى ئۇنتۇلسا، ئوغۇرلانسا، سېستىما سىزدىن بۇ سۇئالنى سورايدۇ، سىز جاۋابنى يېزىپ بېرەلىسىڭىز، ھېساۋاتىڭىز ئەسلىگە كېلىدۇ دىگەن گەپ ! مەسلەن تاللاش رامكىسىدىكى بىرىنچى 你母校的名称 : ئانا مەكتېپىڭىزنىڭ نامى نېمە ؟
1 答案بايقى سۇئالنىڭ جاۋابنى يېزىڭ، ( سېستىما بۇنى ئەستە قالدۇرۋالىدۇ)
密码提示问题2يەنە بىر سۇئال تاللاڭ، بايا تاللىغان سۇئالنى تاللىسىڭىز بولمايدۇ
2 答案يەنە بىر جاۋاب يېزىڭ يۇقارقى ئۇچۇرلارنى بىرە قۇر چۈشەنگەندىن كېيىن ۋە تولدۇرۇپ بولۇپ، ئوڭ تەرەپ ئاستىدىكى 注册 نى بېسىڭ ئاندىن يەنە بىر بەت ئېچىلىدۇ، بۇ بەتنى تولدۇرمايلا، بولدى قىلسىڭىز بانكا ھېساۋاتى پايپالغا قوشۇلمايدۇ، سىز پايپالدا پۇل قوبۇل قىلالايسىز، پۇل يۆتكىيەلەيسىز ، ebay.com.cnدا مال سېتىۋالالايسىز، ئەمما پايپالدىكى پۇلنى ئالالمايسىز، شۇڭلاشقا بىر بانكا ھېساۋاتى قوشۇلىشى كېرەك ). بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى بانكىلارنىڭ تور بانكىسنى ئاچقۇزۇش ھاجەتسىز، ئەمما كارتىدىن پايپالغا پۇل سېلىش ئۈچۈن، تور بانكىسنى ئاچقۇزىشىڭىز كېرەك ( ئېچىلغان بەتتىكى تۆۋەندىكى ئۇچۇرلارنى تولدۇرۇڭ
银行名称بانكا ئىسمىنى تاللايسىز ،
مەسلەن 中国农业银行 : يېزا ئىگلىك بانكىسى
中国建设银行قۇرۇلۇش بانكىسى
中国工商银行سودا سانائەت بانكىسى

中国招商银行سودىگەرلەر بانكىسى
中国交通银行قاتناش بانكىسى
يۇقارقىلاردىن ئۆزىڭىزنىڭ ھېساۋات ئاچقان بانكىنى تاللاڭ
银行所在省市自治区بانكا تۇرۇشلۇق رايون新疆 نى تاللاڭ
银行所在 县市بانكا تۇرۇشلۇق شەھەر،ناھىيە نى تاللايسىز
开户行سىز ھېساب ئاچقان بانكا نامى : مەسلەن خەلقئارا چوڭ بازار تارماق بانكىسى دىگەندەك خەتلەرنى خەنزۇچە يازىسىز،بانكىنىڭ بۇ نامى سىزگە كارتا بېجىرگەندە بەرگەن قەغەزدە بار.
银行账号ھېساۋات نومۇرى
银行账号确认كارتا نومۇرنى قايتا كىرگۈزۈڭ
يۇقارقى ئۇچۇرلانى تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك تولدۇرۇڭ




تولدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن继续نى بېسىڭ ئەگەر خاتا تولدۇرۇپ قويمىغان بولسىڭىزلا تۆۋەندىكى بەت ئېچىلىدۇ بۇ بەتنى ھېچنىمە قىلماي添加银行账户 دىگەننى بېسىڭ

مەسلەن :



查看您的银行账户的信息 安全交易

请再次确认以下信息，如果正确无误，请点击**添加银行账户**按钮。

如果您填写的信息有误，您可以点击**编辑**按钮进行修改。

账户类型：个人
账户持有者姓名：穆罕默德.阿布拉
银行名称：中国农业银行
银行所在省市自治区：新疆
银行所在城市/县：乌鲁木齐
开户行：二道桥分理处
银行账号：9559980050541752000

添加银行账户 编辑 取消

ئاندىن تۆۋەندىكى بەت ئېچىلىدۇ بۇ بەتتىكى قىزىل بويالغان ئورۇننى بېسىڭ



账户注册
个人账户

您已成功添加银行账户。

感谢您注册贝宝！
要完成注册，请确认您的电子邮件地址。

如何确认您的电子邮件地址

**第 1 步：查看您的电子邮箱**
我们给您发了一封激活邮件，地址为：
mominjan@yulghun.com

**第 2 步：点击指定链接**
点击电子邮件中的链接。您将会回到贝宝。如果该电子邮件中没有显示链接，请点击此处。

**第 3 步：输入您的密码**
您需要输入您的密码。每次使用贝宝均需要密码。

如果您想稍后再激活您的贝宝账户，请点击**继续**。

继续

ئەمدى ئېلخەت ئادرېسىڭىزغا كىرىپ، خەت ساندۇقىنى ئېچىڭ بىر پارچە paypal دىگەن نام بىلەن ئېلخەت كەلدى، شۇ ئېلخەتنىڭ دەل ئوتتۇرسىدا ئۇزۇن بىر ئۇلىنىش ئادرېسى بار، شۇنى بىر قېتىم بېسىۋەتسىڭىز بولىدۇ.ئەگەر ئېلخەت ساندۇقىڭىزغا خەت كەلمىگەن بولسا ئەخلەت ساندۇقىغا قاراپ بېقىڭ، ياكى تېزىملىتىشتىن بۇرۇن، ئېلخەت ساندۇقىڭىزنىڭ ئەخلەت خەتلەرنى سۈزۈش ئىقتىدارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇڭ، ياكى تۆۋەندىكى تەكشۈرۈش قويۇڭ، ۋە، ياكى service@paypal.com.cn، دىگەن ئادرېسنى قوشۇپ قويۇڭ بۇ مەشغۇلاتلارنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن سىزنىڭ پايپال ئادرېسىڭىز بولدى www.paypal.com/cn غا كىرىپ 登陆 نى ئېچىڭ، ۋە بىرىنچى كاتەككە email ئىككىنچى كاتەككە سىز بايا پايپال ئۈچۈن تۇرغۇزغان مەخپى نومۇرنى كىرگۈزۈپ كىرىڭ




يۇقارقى بەت ئېچىلدۇ، بۇ بەتتىكى ئۈچۈرلار:

1. 付款پۇل تۆلەيمەن : ئەگەر باشقىلارغا پايپال ئارقىلىق پۇل ئەۋەتمەكچى بولسىڭىز مۇشۇنى بېسىڭ
2. 收宽پۇل تاپشۇرۇۋالىمەن : ئەگەر باشقىلارغا پۇل تۆلەش ئۈچۈرى ئەۋەتمەكچى بولسىڭىز بېسىڭ
3. 账户充值پايپالغا پۇل قاچىلاش

# يوقاپ كەتسە نەدىن تاپىمىز؟文件夹选项

سوئال سورىغۇچى:ھەۋەسكار

كومپيۇتىردىكىxp دىن 文件夹选项 دىگەن تۈر يوقاپ كەتتى،قانداق يوقاپ كەتكىنىنى ئۇقمايمەن ،ھىچقانداق يەردىن ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدىم، توردائىلار بۇنى نەدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسەڭلار بوپتىكەن

جاۋاپ بەرگۈچى:كتاپخۇمار

سىستىمىنى قايتا قاچىلاش ھاجەتسىز،بىر-ئىككى منۇتتىلا ئوڭشىغىلى بولىدۇ.ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن.

بۇنى ئوڭشاشنىڭ ئەڭ توغرا ئۇسۇلى مۇنداق:سىز运行 دىن gpedit.msc نى ئىجرا قىلىپ ، 组策略 نى ئېچىپ،用户配置 نىڭ ئىچىدىن管理模板 نى ئاچىسىز،ئاندىن资源管理器 windows نىڭ ئۈستىگە مائۇسنى بىر چەكسىڭىزلا ئوڭ تەرەپتىكى كۆزنەكتە مەزمۇنلار ئېچىلىدۇ،بۇنىڭ ئۈچىنچى قۇرىدا从工具菜单删除文件夹选项菜单 دىگەن خەت بار،مۇشۇنى تاللاپ مائۇسنىڭ ئوڭ كۇنۇپكىسىنى چىكىپ خاسلىقىنى ئاچىسىز،بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ خىل تاللاش بار،مۇشۇنىڭ已禁用 دىگەننى تاللىسىڭىزلا بۇ مەسلە ھەل بولىدۇ.

جاۋاپ بەرگۈچى:ھون

بۇ چاتاق سىزنىڭ كومپيۇتېرىڭىزنىڭ trojan hourse دىگەن ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغانلىقىدىن بولىدۇ،خەنزۇچە يىن ساڭ پو جيېي بىڭدۇ دەيدۇ،سىمانتېك ئانتى ۋىرۇس ، رۇيشىڭ ،جىياڭمىن نىڭ يېڭى نەشرلىرى بىلەن تازىلاڭ

جاۋاپ بەرگۈچى:مۇرادىل

كومپيۇتىرىڭىزنى بىخەتەر ھالەتتە قوزغۇتۇپ (安全模式)ۋىروس تازىلاپ بولۇپ ئاندىن يۇقۇردىكىدەك مەشغۇلات قىلىڭ. ۋىروسلانغان ھۆججەت ئىجرا بولىۋاتقان بولغاچقا،سىز بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ قويسىڭىز،ۋىروس يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

# قاتتىق دىسكىنى چۈشۈنەمسىز؟

يوللىغۇچى: ئۇدمىش

بىز ھەمىشە باشقىلارنىڭ ۋە گاھىدا ئۆزىمىزنىڭ «قاتتىق دىسكامنىڭ سىغىمى شۇنداق چوڭ تۇرۇپ ،يەنە بولۇش يېتىشتۈرەلمەي يۈرىمنا...» ، «كومپيۇتېرىمدا يەنە شۇنداق كۆپ بوشلۇق تۇرسىمۇ نىمىشقا مەۋھۇم ئىچكى ساقلىغۇچ يېتىشمىدى دەپ سىستىمام ئاستىلاپ كېتىدۇ؟؟؟؟ » دىگەندەك قاقشاشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇمىز|.ئەجابا بىزگە 80 ،120گىگابايىت بوشلۇقلار راستىنلا يېتىشمەمدۇ؟

مېنىڭچە مۇتلەق كۆپ قىسىم ئىشلەتكۈچىلەرگە بىمالال يېتىدۇ، شۇ پەقەت دىسكىنى رايۇنلاغا بۆلىشى مۇۋاپىق بولمىغان ياكى دىسكا كىرەكسىز ئۆچۈرۈلۈپ بىلەن ياكى ئۆچۈرۈۋەتسىمۇ بولىدىغان ئەمما كۆز

قىمايدىغان نەرسىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىدىندۇر.
مەن ئۆزۈن مەزگىل شەخسىي كومپيۇتېرنى ئىشلىتىش جەريانىدا ئاشۇنداق ئىشلارغا كۆپ قېتىم يولۇقۇپ تولا بۇرنۇمغا سۇ كىرىپ ئاخىرى "قاتتىق دىسكىنى قانداق باشقۇرۇش كېرەك" دېگەن تېمىدا قىسقىچە خۇلاسىگە كەلدىم ۋە ئۇنى مۇشۇنداق بىر ئېسىل بولغان مىللەت تەربىيىلەش سورۇنىدا قېرىنداشلار بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە كومپيۇتېر ئېكرانىغا قاراپ ئولتۇرۇپتىمەن ، ئۇندىن باشقا قېرىنداشلارغا قاتتىق دىسكا توغۇرلۇق بىلگەنلىرىمنىك ئېسىمگە كەلگەنلىرىنى سۆزلەپ ئۆتەي، قېرىنداشلارغا ئازتولا ياردىمى تەگسە قالسا ئەجەپ ئەمەس.
يۇزەكىرەك قىلىپ چۈشەندۈرسەم بىز ئىشلىتىۋاتقان قاتتىق دىسكا تۆت يول تاختىسى ، ماگنىتلىق ساقلاش تەخسىسى ، ئۇچۇر ئوقۇش بېشى ، ئۇچۇر ئېغىزى (بىز دەيدىغان خەنزۇچىدىكى 接口)ۋە سىرتقى قاپلاردىن تۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ماگنىتلىق ساقلاش تەخسىسى دەل ئۇچۇر ساقلىنىدىغان يېرى بولۇپ، قاتتىق دىسكا ئۇنىڭدىن بىرنى ياكى بىر-قانچىنى ئۆزئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.ئادەتتە ھەربىر تەخسىسىنىڭ مۇقىم چوڭلىقى بولىدۇ (مەسىلەن 40گىگابايت) ، قاتتىق دىسكىنىڭ ئومۇمى سىغىمى= تەخسە سانى * بىر تەخسىنىڭ چوڭلىقى بولىدۇ.مەسىلەن سىزنىڭ قاتتىق دىسكىڭىزدا ئىككى تەخسە بار ۋە ھەربىر تەخسىنىڭ چوڭلىقى 40گىگەبايت بولسا ، دېمەك سىزنىڭ دىسكىڭىزنىڭ سىغىمى 80گىگابايت دېگەن گەپ(ئەلۋەتتە ، بىز ئۇچۇن مۇھىمى تەخسە سانى ياكى يەككە تەخسىنىڭ چوڭلىقى ئەمەس بەلكى دىسكىڭىزنىڭ سىغىمى، دىسكىنى رايۇنغا بۆلگەندىمۇ"تەخسە سانى" دېگەن پارامىتىر ئىشلىتىلمەيدۇ،قوشۇمچە قىلىپ قويدۇم خالاس) .
سىز مۇنداق بىر ئىشقا دىققەت قىلدىڭىزمىكىن!؟ ، سىز سېتىۋالغان ئاتالمىش GB80لىق قاتتىق دىسكىنى كومپيۇتېرغا چېتىپ سىغىمىنى تەكشۈرسىڭىز80*1024=81920 MB=80GBئەمەس بەلكى 80*1000=80000 MB=78.125Gچىققانلىقىنى بايقايسىز، ئەجابا بۇ ساقتىلىقمۇ ؟ ئۇنداق ئەمەس، بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق :
قاتتىق دىسكا ئىشلەپ چىقىرىدىغان زاۋۇت( 1 گىگابايت نى 1000 مىگابايت) قا تەڭ دەپ ھېسابلايدۇ ۋە شۇ ئۆلچەمدە دەل 80GB,120GBقاتارلىق سىغىملاردىكىنى ياسايدۇ، ئەمما سىز ئىشلىتىۋاتقان Windows, Linux ياكى باشقا مەشخۇلات سىستېمىلىرى 1 گىگابايت نى 1024 مىگابايت دەپ ھېساۋات قىلىدۇ، مۇشۇ پەرق ئەشۇنداق ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.
قاتتىق دىسكىنى ئوقۇش يېزىش سۈرئىتىگە كەلسەك ، ئۇ قاتتىق دىسكىنىڭ كومپيۇتېر ئاساسى تاختىسى بىلەن ئۇلىنىدىغان ئېغىزىنىڭ تىپى ، تەخسىنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى قاتارلىق تەرەپلەردىن بەلگىلىنىدۇ. بىز كۆپ ئىشلىتىۋاتقان قاتتىق دىسكىنىڭ ئېغىزىدىن (مۇشۇنداق ئاتاپ تۇراي) DMA(ATA) 100/133 ، SATA، SCSIدەپ ئۈچ تۈرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە:
DMA(ATA) 100/133
بىرقەدەر بۇرۇنراق چىققاچقا كۆپرەك ئومۇملاشقان(80% كۆپچىلىكنىڭ مۇشۇ تىپتىغۇ دەيمەن) (ئۇنى 40چىشلىق كەڭرى سىم بىلەن ئۇلايدۇ، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئوپتىك قوزغاتقۇچىنىڭ ئېغىزىمۇ مۇشۇ تۈردە)، ئۇنىڭ ياندىش(مەلۇم پەيتتە بىر-نەچچە بىت ئۇچۇر بىراقلا يوللىنىدۇ دېگەنلىك) ئېغىز بولۇپ ئۇنىڭ سىرتقا ئۇچۇر ئەۋەتىش سۈرئىتى 133 MS/sبۇ پەقەت نەزىرىۋى قىممەت بولۇپ ئەمەلىيەتتە بەك چوڭ بولغاندىمۇ 50 MB/Sقا ئاران چىقىدۇ.
SATA
بۇ ATA دىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئېغىز تىپى بولۇپ ئۇنىڭ ھازىرقى نەشرىنىڭ (v1.0) نىڭ سىرتقا ئۇچۇر يوللاش سۈرئىتى بارلىق ئۇسكىنىلەر ياخشى ماسلىشالىسىلا 150 MB/Sقا

يېتەلەيدۇ ، يەنە ئۇ ئارقمۇ-ئارقا(مەلۇم پەيتتە پەقەت بىر بىت ئۇچۇر يوللىنىدۇ دېگەنلىك) شەكىلدە ئۇچۇر يوللايدىغان بولۇپ ئۇلاش سىمىنىڭ ھەجمى ATA نىڭكىگە قارىغاندا كۆپ كىچىك، ئۇنىدىن باشقا ئۇنىڭ توك سەرپىياتى تۆۋەن بولۇپ ±250 mVلىق بېسىمدا خىزمەت قىلىدۇ ATAبولسا+12·V, +5V

ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئەۋزەللىكلىرى بولغاچقا يېڭى قۇراشتۇرۇلىۋاتقان كومپيۇتېرلارغا ئاساسەن دېگۇدەك مۇشۇ تىپتىكى قاتتىق دىسكا سەپلىنىۋاتىدۇ (ئۇنىڭ باھاسى ئوخشاش سىغىمدىكى ATA قاتتىق دىسكىدىن نەچچە ئون يۈەنلا پەرقلىق).

SCSI

بۇ كىشىلەر كۆپ ئىشلەتمەيدىغان بىراق توردىكى مۇلازىمېتىرلەردە كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغان تىپ. بۇ تىپلىق قاتتىق دىسكا تەخسىسىنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى ناھايىتى يۇقىرى(بىر مىنۇتتا ئون مىڭ قېتىم ، بۇتوغۇرلۇق ئاستىدا توختىلىمەن) بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۇچۇر يوللاش سۈرئىتى160 MB/sقا يېتىدۇ، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى ،ئۇ خىزمەت قىلغاندا CPUنى ئەڭ ئاز ئىشلىتىدۇ(5% ئەتراپىدا ئىكەن، قارىغاندا مۇشۇ ئەڭ تۆۋىنى ئوخشايدۇ)، ئەمما ئۇنىڭ توك سەرپىياتى(دېمەك ئىسسىقلىقنى كۆپ چىقىرىدۇ) ۋە باھاسى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ ئائىلىلەرگە تازا ماس كەلمەيدۇ.

بايا مەن "تەخسىنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى" دېگەن گەپنى چىقاردىم ، بۇ يەردىكى "سۈرئەت" قاتتىق دىسكا ئىچكىدى ئۇچۇر ساقلاش تەخسىسىنىڭ بىر مىنۇتتا ئايلانغان قېتىم سانىنى كۆرسىتىدۇ(ئۇنىڭ ئايلىنىدىغانلىقنى بىلىدىغانسىز .ئايلىنىش سۈرئىتى قانچە تېز بولسا ئۇچۇرنى شۇنچە تېز ئوقۇپ(يېزىپ)چىقىدۇ، ئەكسىچە بولسا ئەكسىچە بولىدۇ.ھازىرقى قاتتىق دىسكىلار ئاساسەن ياكى 5200 لىك ياكى 7200 لىك SCSI بولسا10000 لىق .

يەنە بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن.... قاتتىق دىسكىنىڭ ئىچىدە "باففېر" (مۇنداق دەپ تۇراي، ئۇ خەزىنۇچىكىدى数据缓冲器 دەيدىغان بىر ئۇچۇر ساقلاش ئورنى بولۇپ قاتتىق دىسكا تەخسىسگە يېزىلىدىغان ياكى ئوقۇلىدىغان) ئۇچۇرلار ئاۋال مۇشۇ ئورۇنغا تېز سۈرئەتتە توشۇلۇپ ئاندىن كومپيۇتېر ئىچكى ساقلىغۇچىغا يوللىنىدۇ ياكى ئىچكى ساقلىغۇچتىن قاتتىق دىسكا تەخسىسگە يېزىلىدۇ.

قاتتىق دىسكا تەخسىسدىكى ئۇچۇرنىڭ باففېرغا يوللىنىش ياكى باففېر دىكى ئۇچىرنىڭ تەخسگە يوللىنىش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولۇپ ئادەتتە 600 MB/sئەتراپىدا بولىدۇ (بىز پات-پات ئاڭلايدىغان قاتتىق دىسكىنىڭ ئىچكى يوللاش سۈرئىتى دېگەن مۇشۇ شۇ). ئەلۋەتتە باففېرنىڭ سىغىمى قانچە چوڭ بولسا شۇنچە ياخشى، بىراق باففېرنىڭ توك يولىنى توپلاشتۇرۇش ناھايىتى تەس بولغاچقا ھازىر ئۇ 2MB,8MB ۋە بىر قىسىم ئالى قاتتىق دىسكىلاردا 16 MBلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، شۇڭا قاتتىق دىسكا سېتىۋالغاندا مۇشۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىپ قويۇڭ.

ئەمدە گەپنىڭ پوسكاللىسىغا كەلسەك، قاتتىق دىسكىنى قايسى ئۆلچەمدە رايۇنغا بۆلگەن مۇۋاپىق؟ رايۇنغا بۆلگەندە تۆۋەندىكى ئىككى پىرىنسىپقا (پىرىنسىپ دېۋالدىمغۇ..) ئەمەل قىلىڭ

1.مەشغۇلات سېستىمىسى قاچىلىنىدىغان دېسكا بۆلىكى 10GB دىن كەم بولمىسۇن.

بۇ ئىتايىن مۇھىم، سېستىمىڭىزنىڭ پات-پات مەۋھۇم ئىچكى ساقلىغۇچ يېتىشمىدى دەپ خاپا قىلىشى كۆپۈنچە سېستىما تۇرۇشلۇق دىسكا بۆلىكىگە بېرىلگەن بوشلۇقنىڭ كىچىك بولۇپ قالغانلىقىدا، چۈنكى 256 M,512Mدېگەن چوڭلۇقتىكى ئىچكى ساقلىغۇچلا سېستىمىڭىزدا نۇرغۇن پروگراممىلا ئىجرا بولغاندا ھەرگىز يېتىشىپ بولالمايدۇ، شۇڭا مەشغۇلات سېستىمىسى ئۆزى تۇرۇشلۇق(پەقەت سىز ئۆزگەرتىپ قويمىغان بولسىڭىزلا) بۆلەكتىن بوشلۇق ئاجرىتىپ ئىچكى ساقلىغۇچ ئورنىدا

ئىشلىتىدۇ(شۇڭا مەۋھۇم دېگەن گەپ)، بۇ مەۋھۇم ئىچكى ساقلىغۇچنىڭ چوڭلۇقى ئادەتتە M768دىن يۇقىرى بولىدۇ (ئۆزىڭىز مۇقۇم قىلىپ تەڭشەپ قويالايسىز) ، دېمەك سىزنىڭ سىستېما تۇرۇشلۇق دېسكا بۆلىكىڭىزدە كەم دېگەن بىر گىگىبايت ئورۇن بىكار تۇرمىسا بولمايدۇ )ئەمەلىيەتتىكى تەلەپ ئۇنىڭدىن كۆپ جىق). ئۇنىڭدىن باشقا ناۋادا سىز پات-پات سىستېما ۋاقىتلىق چىقارغان ئەخلەتلارنى تازلاپ تۇرمىسىڭىز سىستېما بۆلىكى ئاسانلا تولۇپ قالىدۇ (ئادەتتە ئاپتوماتىك تازلانمايدۇ، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى ئەخلەت ساندۇقىنىڭ ئىچىدىكى ھۆججەتلەر ئەمەس بەلكى پىروگراممىلار ئىجرا بولغاندا قەپ قالغان قالدۇقلار، ئۇنىڭ ئورنىنى كېيىن ئەسكەرتەي)گەپنى يىغىنچاقلىغاندا ناۋادا سىزنىڭ قاتتىق دېسكىڭىز بەك كىچىك بولمايلا قالسا سىستېما بۆلىكىگە كەم دېگەندە 10 Gئورۇن بېرىڭ ، ناۋادە "بۇرۇنقى مەن"گە ئوخشاش 5 G بۆلۈپ قويسىڭىز ، كېيىن ئۇنى چوڭايتىپ بولالماي ياكى قاتتىق دېسكىڭىزنى پۈتۈلەي قايتا بۆلۈشكە ئامال قىلالماي پۇشايماندا قالىسىز.

2.دېسكىنى بەك كۆپ بۆلەكلەرگە بۆلىۋەتمەڭ

دېسكىنى بەك كۆپ بۆلەكلەرگە بۆلۈۋېتىش كېيىن سىزگە خۇددى بىر چوڭ ئۆينى نۇرغۇن كىچىك ئۆيلەرگە بۆلۈۋېتىپ قىستى-قىستاڭچىلىقتا يۈرگەندەك قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن سىز80 Gلىق دېسكىڭىزنى 10گىگابايتتىن 8 گە بۆلۈپ قويسىڭىز (بەلكىم شۇ چاغدا بۆلەك قانچە كۆپ بولسا ئوخشىمىغان تۈرلۈك ھۆججەتلارنى ئايرىپ باشقۇرۇشقا قولايلىق دەپ ئويلىغانسىز) ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە قارىسىڭىز ھەر-بىر بۆلىكىڭىزدىن بىر،ئىككى،ئۈچ گىگابايتتىن ئورۇن قالغان ،يىغىپ كەلسىڭىز دېسكىڭىزدە 20 ،15 مىگابايت چە ئورۇن بار لېكىن بىرەر چوڭراق نەرسىنى ساقلاي دېسىڭىز ئۆزلۈكسىز بوشلۇقنىڭ تايىنى يوق...............................ھەي....بۇنىڭ دەردىنى بەك كۆپ تارتقانمەن.. مۇشۇنىڭ بىلەن بولدىمۇ ؟ ياق ........ سىز يەنە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار بار.

سىز بىر نەچچە سائەت ۋاقىت چىقىرىپ كومپيۇتېرىڭىزدىكى بارلىق ھۆججەتلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ نەتىجىدە سىز ئاشۇلارنىڭ 40% گە يېقىنىنىڭ سىز ئىشلەتمىگىلى ئۇزۇن بولغان( ئەمەلىيەتتە بۇندىن كېيىن ئىشلىتىلىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن كىچىك)، ئەمما سىزنىڭ ئۆچۈرۈۋېتىشكە كۆزىڭىز قىيمايدىغان(بۇندىن كېيىن ئىشلەپ قالار دەپ) ياكى ھەتتا سىز بارلىقىنى بىلمەيدىغان ھۆججەتلەر ئىكەنلىكىنى بايقايسىز ----.ئۇلارنى ئۆچۈرۋېتىڭ!!!!---لازىم بولغاندا تاپالايسىز--پات-پات ئەخلەت چېلەكنى قۇرۇقداپ تۇرۇڭ . ئەخلەت چېلەكدىكى ئەخلەتلەر ئەمەلىيەتتە يەنىلا بوشلۇق ئىگەللەپ تۇرىدۇ. سىستېما شەكىللەندۇرۇپ قويىدىغان ئەخلەتلىرنى تازىلاپ تۇرۇڭ . بۇ ئەخلەتلار ئاساسەن ماۋۇ يەرلەردە كۆپرەك:

X:\Documents and Settings\XXXXXX\Local Settings\Temp

X:\Documents and Settings\XXXXX\Local Settings\Temporary Internet Files

(يۇقارقىلاردىكى :X سىستېما قاچىلانغان بۆلەكنىڭ بۆلەك بەلگىسى، XXXXXXبولسا ئابونت ئىسمى)

پات-پات دېسكىڭىزنى سىستېمىنىڭ "دېسكا رەتلاش "قۇرالى ئارقىلىق رەتلەپ تۇرۇڭ . لېكىن كۆپ قىلىش خەتەرلىك، دېسكىڭىزنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىپ قويىدۇ، چۈنكى ئادەتتە بىر قېتىم دېسكا رەتلىسىڭىزدېسكىڭىز پۈتۈن دېسكىدىكى ئۇچۇرلانى قايتا يېزىپ\ئوقۇپ چىققاندىنمۇ كۆپ ئوقۇپ\يېزىلىدۇ.ئامال بار كومپيۇتېرىڭىزنى توكتىن بىۋاستە ئۈزۈۋەتمەڭ، سىستېمىنىڭ ئۆچۈرۈش تەرتىۋى بويىچە ئۆچۈرۈڭ ، بولمىسا دېسكىڭىزدا ئاسانلا بۇزۇق سېكتور پەيدا بولىۋالىدۇ (بۇزۇلىدۇ..). قاتتىق دېسكىڭىز ھاۋا ئۆتىشىدىغان يەردە تۇرسۇن. ئەلۋەتتە ، قاتتىق دېسكا ئاساسەن ماشىنا

ساندۇقنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ، دېمەك ساندۇق ھاۋا ئۆتۈشلۈك بولسۇن. قاتتىق دىسكا يەر يۈزى (ئېغىرلىق مەركەز ئوقى بىلەن تىك) پاراللېل بولسۇن. بەزىلەر تىك قولۇۋالىدۇ، مېنىڭچە فىزىكا نوختىسىدىن چىققاندا بۇنداق قىلىش تازا ياخشى ئەمەس.

ھازىرچە كاللامغۇ مۇشۇنچىلىك نەرسە كەلدى، قالغىنىنى بارا-بارا مۇشۇ يەردە تولۇقلايلى.

# كومپيۇتېر OCRتېخنىكىسىنى چۈشىنەمسىز ؟

OCRئېنگلىزچەOptical Character Recognitionنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ ، Pattern RecognitionPRغا ، يەنى گېئومېترىك شەكىللەرنى پەرقلەندۈرۈش تېخنىكىسغا تەۋە بولغان ھەرپ-بەلگىلەرنى ئوپتىكىلىق پەرقلەندۈرۈش تېخنىكىسى(ئىلمى)دىن ئىبارەت .

OCRتېخنىكىسى سكاننېرنىڭ ئومۇملىششىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن بولۇپ ، تەسۋىر چۈشۈرۈش (سكاننېرلاش) ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق باسما ھۆججەتلەرنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ ، ھۆججەتلەردىكى ھەرپ-بەلگىلەرنى پەرقلەندۈرگەندىن كېيىن ، كومپيۇتېردا ئىشلىتىلىدىغان يېزىق كودلىرىغا (مەسىلەن ASCII، BIG-5كودى دېگەندەك)ئايلاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ . قانداق قىلىپ خاتالىقلارنى چىقىرىپ تاشلاش ۋە ياردەمچى ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىپ توغرا پەرقلەندۈرۈش نىبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش OCR نىڭ ئەڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئالىلقاچان 30 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان بۇ ساھەدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيانICR(Image Character Recognition)يەنى ، سۈرەتتىكى ھەرپ-بەلگىلەرنى پەرقلەندۈرۈش تېخنىكىسى ۋە ICR(Intelligent Character Recognition) يەنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق ھەرپ-بەلگىلەرنى پەرقلەندۈرۈش تېخنىكىسى قاتارلىق ئاساسىي پىرىنسىپى ئوخشىشىپ كېتىدىغان تېخنىكىلارمۇ مەيدانغا كەلدى

OCRتېخنىكىسى ئاساسلىقى ئىشخانىلاردا ئاپتوماتىك يېزىق كىرگۈزۈش، پوچتا يوللانمىلىرىنى ئاپتوماتىك بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەردە بىر قەدەر كەڭ ئىشلىتىلىدۇ

# كومپيۇتېر مۇزىكىسىدىن سۇئال جاۋاپلار

سۇئال سورىغۇچى : قىزىلگۈل

جاۋاپ بەرگۈچىMusicfan :

1.مۇزىكا سىزنى بار ئەمما كەسپىي نۇقتىدىن سەۋىيىسى 0 ئادەمنىڭ كومپيۇتېر مۇزىكىسىنى تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئۆگىنىۋالىشى مۇمكىنمۇ؟

مۇمكىن . تەۋرەنمەس چىدامچانلىق بولسىلا چوقۇم

2.تىللىق چالغۇلارنى بىمالال چالالايدىغان ، خەنزۇتىلى سەۋىيىسى كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە يېتىدىغان بىرى كومپيۇتېر مۇزىكىسىنى ئۆگەنمەكچى بولسا ئەڭ دەسلەپ ئىشنى نەدىن باشلىش

**كېرەك ؟**

كومپيۇتېر مۇزىكىسىنىڭ خىزمەت پرىنسىپىدىن باشلاپ چۈشىنىشنى ئويلايدىغانلار . مۇنداقچە ئېيتقاندا كومپيۇتېر مۇزىكىسىنى ھەقىقىي ماھىيىتىدىن چۈشىنىپ ئۆگۈنىشنى خالايدىغانلار كومپيۇتېرنى كەسپىي ئۇسكۇنىلەرتەلىۋى بۇيىچە قۇراشتۇرۇپ . كومپيۇتېر مۇزىكىسىغا ئائىت خەنزۇچە نۇرغۇن كىتاب ماتېرىياللار بار. تورىدىمۇ نۇرغۇن ماتېرىياللار بار . شۇلارنىڭ بىرىنچى بېتىدىن باشلاش كېرەك.

**3.كومپيۇتېر مۇزىكىسىنى يەنى كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ يۇمشاق دېتالدا مۇزىكا ئىشلەش ئۈچۈن كەسپىي بىلىمنىڭ يۇقىرى ـتۆۋەنلىكىنىڭ قانداق رولى بولىدۇ ؟**

مۇزىكا ئىشلەيدىغان دېتاللار. كەسپىي نەزىرىيەۋى بىلىملەر ئاساسىدا تۈزىلىدۇ . كەسپىي بىلىم قانچە يۇقىرى بولسا . دېتاللارنىڭ ئىقتىدارىدىن شۇنچە تولۇق شۇنچە جانلىق پايدىلانغىلى بۇلىدۇ . ئادەم قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىمكان بار دېتاللارغا قىلغۇزغىلى بۇلىدۇ . ۋاقىت جەھەتتە ئۇتقىلى بۇلىدۇ مەسىلەن : بەزىلەر يانفۇننى . سۆزلىشىش . قىسقا ئۇچۇر يوللاش . تورغا چىقىش . يانفۇن بانكىسى ئىشلىتىش ....ئىشقىلىپ يانفۇننىڭ ھەممە ئىقتىدارىدىن جانلىق پايدىلىنىدۇ . بەزىلەر شۇنچە ئىقتىدارلىق نەچچە مىڭ سوملۇق يانفۇننى 50 سوملۇق يانفۇنغا ئوخشاش . تېلىفۇن ئۇرۇش ۋە قۇبۇل قىلىشقىلا ئىشلىتىدۇ.. دىمەك ئىقتىدار ئىسراپچىلىقى بولمايدۇ

**4.بۇنىڭ ئۈچۈن كەسپىي كومپوزىتورلار بىلىشكە تېگىشلىك بارلىق بىلىمنى چوقۇم بىلىش تەلەپ قىلىنامدۇ؟**

ياق . كومپيۇتېردىن پايدىلىنىغان كومپىزىتورلار كۆپ ئەمەس . بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەڭ قىلمەن دىيىش ئاسان ئەمەس . چۈنكى ھەقىقىي كومپىزىتور بۇلۇش ئۈچۈن بەك ئۇزۇن جەريان كىتىدۇ . ئەگەر ھەر ئىككىلىسىدە تەڭ يېتىشكەن ئادەم بولسا بۇنداق ئادەمگە گەپ كەتمەيدۇ

**5.ھەرقايسى يۇمشاق دېتاللارنىڭ ئاساسىي پەرقى قايسى تەرەپلەردە بەكرەك ئىپادىلىنىدۇ ؟**

ئىقتىدار . كۆرۈنۈش . قۇلايلىقلىق . قۇشۇمچە دېتاللىرىنىڭ ئاز كۆپلىگى ..يەنە نۇرغۇن جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ . لېكىن ھازىر كۈچلۈك رىقابەت ئارقىسىدا بۇ پەرق ئاساسەن قالمايۋاتىدۇ . ھەممىسى ئاجايىپ قالتىس دېتاللار . قايسىنىڭغا كۆنەلىسىڭىز شۇنى ئىشلەتسىڭىز بۇلىدۇ .

**6.كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ مۇزىكا ئىشلەشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن يەنە قانداق زۆرۈر شەرتلەر لازىم؟ ( قاتتىق دېتالنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ .)**

كومپيۇتېر مۇزىكىسى قاتتىق دېتال بىلەن ئوخشايدۇ ، يۇمشاق دېتال دىگەن تولا گەپ

7.كومپيۇتېر بىلىمىنىڭ قانچىلىك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ ؟

**3ـسۇئالنىڭ جاۋابىغا قاراڭ**

**8.تەخمىنەن قانچىلىك ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن؟ ( ئەڭ زور تىرىشچانلىقتا )**

كومپيۇتېر ئاساسى بىلىمىڭىز .تىل ، كەسپىي بىلىمىڭىزغا باغلىق . ھەممىسى تەل بولسا بىرە ئايدا ھاجىتىڭىزدىن چىقالايدىغان بۇلىسىز. ئاندىن كىيىن مەڭگۈ توختىمايسىز

كىيىنكى كەسپىي سۇئاللارغا سەل توختۇلۇپ جاۋاپ بىرەي

**9.كومپيۇتېردا ئىشلەنگەن مۇزىكا بىلەن ھەقىقىي مۇزىكىنىڭ قانداق پەرقى بار؟**

كومپيۇتېر مۇزىكىسىنىڭ ھەم مۇشۇ ساھەنىڭ ئاخىرقى تەرەققىيات نىشانى كومپيۇتېرمۇزىكىسى بىلەن ھەقىقىي مۇزىكىنىڭ پەرقىنى ئازايتىش .ھەم يوق قىلىش . دەرۋەقە كومپيۇتېر مۇزىكىسى مىسلىسىز تەرەققىي قىلىپ بۇ نىشانغا ئاساسەن يېقىنلاشتى . ھازىر كومپيۇتېردا ئىشلەنگەن مەيلى ئوركېستېر مۇزىكىلار بولسۇن مەيلى زامانىۋى مۇزىكىلار بولسۇن ھەقىقىي مۇزىكىدىن كۆپ پەرق

قىلمايدۇ . بۇنى ھەتتا كەسپى مۇزىكانتلارمۇ ئايرىيالمايدۇ . لېكىن مېنىڭ قارىشىمدا كومپيۇتېر مۇزىكىسى مەڭگۈ ھەقىقىي مۇزىكىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ يەنى ھېسسىيات جەھەتتە ئورنىنى باسالمايدۇ . مەسىلەن . مەن بىر ئوركېستىر مۇزىكا ئىشلىگەن بولسام . 50 ـ 60 مۇزىكانتنىڭ قىلغان ئىشىنى مەن بىر ئادەم قىلىمەن . دېمەك بۇ يەردە بىر ئادەمنىڭ ھېسسىياتى چىقتى دېگەن گەپ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقانداق دەرىجىدىن تاشقىرى كومپوزىتور . ھەرقانداق چالغۇنىڭ چېلىش قانۇنىيىتى بىلسىمۇ . لېكىن ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى شۇ چالغۇنى چالغان مۇزىكانتتەك چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس . بۇلۇپمۇ كامانچىلىق . يەللىك سازلارنىڭ ھېسسىياتىنى بىز ھەممە چالغۇنىڭ ئاۋازىنى چالغاندا MIDI رىيال ياكى MIDI گىتتار دېگەندەك ئۈسكۈنىلەردىن پايدىنالىنىمىز. بۇ ئۈسكىنىلەردە ھەممە چالغۇنىڭ . ھېسسىيات پۇراقلىرىنى چىقىرىش بەك تەس . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مۇزىكانت بىر مۇزىكىنى 10 قېتىم چالسا، ۋاقىت شارائىت ، مۇھىت سەۋەبىدىن 10 خىل ھېسسىياتتا چېلىش مۇمكىن..

قىسقىسى مۇزىكا . ھېسسىيات . پۇراق ، شۇڭا بىلەن ئۇرە تۇرىدىغان نەرسە ، بۇلارنى ئۆزئەسلى بويىچە كومپيۇتېرمۇزىكىسىدا ئىپادىلەش . شۇ كومپىزىتورغا ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيە . تېخنىكا تەلەپ قىلىدۇ . شۇڭا ھازىر كومپيۇتېر مۇزىكىسى شۇنچە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ كومپيۇتېردا مۇزىكا ئىشلەيدىغانلار مۇزىكىنىڭ ئاساسى قىسمىنى مەسىلەن . دۇمباق ، باس ، قىسىملىرىنى كومپيۇتېردا ئىشلىسىمۇ بەزى ھالقىلىق جايلارنى ھەقىقىي چالغۇدا چېلىپ ئۈرۈنلاپ بىرلەشتۈرىدۇ

**10.كومپيۇتىر مۇزىكىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى قايسى ؟**

بۇ بەك چوڭ تېما . مەن يېقىندا " سەنئىتىمىز تەرەققىي قىلدىمۇ " ۋە " سەنئەت پاخاللىقى " توغرىسىدا ئايرىم بىر يازما يوللايمەن شۇڭىدا پەن ـ تېخنىكىنىڭ ۋە كومپيۇتىر مۇزىكىسىنىڭ ئارتۇقچىلىق . يېتەرسىزلىگى ئۈستىدە تەپسىلى توختىلىمەن . ھازىر ۋاقىت ئىسراپ قىلماي

**11.چەتئەللەرنىڭ كومپيۇتىر مۇزىكىسىنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى ۋە ئىشلىتىلىش ئەھۋالى قانداق ؟**

تەرەققىياتىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن . ھازىر بۇ ساھەدىكى تەرەققىياتلارنى سىناپ بېقىش ئۈيالقتا تۇرسۇن . خەۋەرلىرىنى كۆرۈپ بۇلۇشىمۇ ئۆلگۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ كىشى شۇنداقتىمۇ قىسقىچە دەپ باقاي . لېكىن بۇ بەك ئاز بىرقىسمى

1.قاتتىق دېتال جەھەتتە . كومپيۇتېر مۇزىكىسىغا ئائىت قاتتىق دېتاللارنى ئىشلەيدىغان زاۋۇتلار كۆپىيىۋاتىدۇ . مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرى يېڭىلىنىپ . ئىقتىدارلىرى ئېشىۋاتىدۇ . مەسىلەن . ئاۋاز كارتىسى ، ئاۋاز مەنبىيى ، MIDIرىيال ، MIDIگىتتار ، MIDIيەللىك ئەسۋاپ . ھەرخىل ئۈنئۈملىگۈچ .ۋاھاكازالار.....

2.يۇمشاق دېتال جەھەتتە . قۇمدەك مۇزىكا ئىشلەيدىغان دېتاللار بار ھازىر . ئەڭ كەسپى دېتاللار دەپ قارىلىۋاتقان Cubase , Fruityloops , Nuendo , Samplitude , Sonar , Sound Forge , Wavelab , Auditionلارنىڭ ئالدى 30 ـ 40 قېتىم كەينى 10 نەچچە قېتىم نەشرىنى يېڭىلاپ بولدى . قىستۇرما دېتاللارنىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭدىن بەك ۋەھشى بولاۋاتىدۇ تەقلىدى دۇمباقچى ، تەقلىدى باس گىتتارچى ، تەقلىدى گىتتارچى ، ئىشقىلىپ ھەرقانداق چالغۇلارنىڭ تەقلىدى قىستۇرما دېتاللىرى مەيدانغا چىقىپ ھەقىقى چالغۇچىلارغا كۈچلۈك خىرىس پەيدا قىلدى . كومپيۇتېردىكى مۇشۇ تەقلىدى قىستۇرما دېتاللارنىڭ تەسىرىدىن . ئۆز كەسپىنى تاشلىۋەتكەن مۇزىكانتلارمۇ خېلى بار

3.ئاۋازغا ئېلىش ، تەھرىرلەش جەھەتتە دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار ئاۋاز ئېلىش ئۆيلىرى ئاساسەن

كومپيۇتېردىن پايدىلىنىدۇ . مۇشۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئاۋازغا ئېلىش ئۆيلىرىدە ئىشلىتىدىغان ھەرخىل ئۈسكۈنە . ئۈنۈملىگۈچلەرنىڭ . يۇمشاق دىتال شەكلىدىكى قىستۇرما دىتاللارنىڭ تەرەققىياتى ئادەمنى تېخمۇ چۆچىتىدۇ . ئاساسەن قاتتىق دىتاللارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ بولدى . مۇنداقچە ئېيتقاندا . نەچچە مىڭ ھەتتا نەچچە يۈز مىڭ سوملۇق ئۈسكۈنلەرنىڭ رولىنى . نەچچە مىڭ سوملۇق (بىزگە نىسبەتەن ھەقسىز دىتاللار)قىستۇرمايۇمشاق دىتاللارئويىنيالايدۇ

4.ئۈن - سىن پىلاستىنكىلىرىنىڭ ھەممە ئىشلىرى بەزى كەسپى مۇزىكا ئەترەتلىرىدىن باشقىلارنىڭ ئاساسەن كومپيۇتېر بىلەن قىلىنىدۇ . كەسپى مۇزىكا ئەترەتلىرى ئەملى چالغان بىلەن ئاۋازغا ئېلىش ئىشلىرى يەنىلا كومپيۇتېردا تاماملىنىدۇ

5.ھازىر چەتئەللەردە " كومپيۇتېر مۇزىكا كىچىلىگى " ئۆتكۈزىلىۋاتىدۇ . رىيال بىلەن لەپتۇپ كومپيۇتېر بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەنگەن يىغى ئۈسكىنىدىن 4 - 5 نى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ ئادەمنى تاڭ قالدۇرغىدەك مۇزىكىلارنى ئورۇنلاۋاتىدۇ

12.داڭلىق سەنئەتكارلارنىڭ ناخشىلىرىدا ئىشلىتىۋاتقىنى كومپيۇتىردا ئىشلەنگەن مۇزىكىلارمۇ؟

ئاساسەن شۇنداق . كەسپى مۇزىكا ئەترەتلەرياكى ئوركىستېر ئۇمەكلەر ناخشا كىچىلىگى ياكى مۇزىكا كىچىلىكلىرىدە مۇزىكىلارنى ئەملى چالىدۇ . ئۇنى پىلاستىنكا قىلىپ تارقىتىش ئۈچۈن مەن بايا دىگەندەك . كومپيۇتېردىن پايدىلانغان ئاۋاز ئېلىش ئۆيلىرىدە ئاۋازغا ئېلىپ تارقىتىدۇ

13.كومپيۇتىردىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان ئاۋاز ئۈنۈملىگۈچنىڭ ھازىرقى سەنئەت ساھەسىدىكى ئېتراپ قىلىنىش، قوللاشقا ئېرىشىش ئەھۋالى قانچىلىك ؟ بۇنىڭ ھەققي ئاۋازلىق ناخشىغا ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرى قانداق ؟

بۇنىڭ ئىجابى ھەم سەلبى تەسىرلىرى بار، بۇنى ھېلىقى يازماقچى بولغان يازمامدا چۈشەندۈرەي

ئوفففففف . مۇشۇنچىلىك جاۋاپ بىرەلىدىم . چۈشەنمىگەن جايلار بولسا سورىساڭلار بۇلىدۇ ئۇنىڭدىن يىغى سۇئالغا ئۆتەيلى..